
بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

## المسلم الصيني 中国穆斯林



مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

2003.2




مەركىزى كومىتېت سىياسى بيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جيا چىڭلىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى ۋە بۆلۈملەر مەسئۇللىرى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



2003-يىل 3-ئاينىڭ 28-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە، مەركىزى كومىتېت سىياسى بيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى ۋېن جىياباۋ مارالبېشى، پەيزاۋات ئاپەت رايونىنى كۆزدىن كەچۈرگەن مەزگىلدە قەشقەردىكى دىنىي زاتلارنى يوقلىدى.




قەشقەر ۋىلايەتلىك 3-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2-سانلىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى 2003-يىل 4-ئاينىڭ 14-كۈنى قەشقەر شەھىرىدە ئېچىلدى.







قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2-سانلىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىدا «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتىرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلاردىن يەكەن، كونىشەھەر، پوسكام، قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى؛ ئىلغار شەخسلەردىن ئىمىنجان سابىت(يەكەندىن)، ئەسقەر(پوسكامدىن)، ئاخۇنجان(كونىشەھەردىن)، شامۇلداخان غوجام(قاغىلىقتىن) قاتارلىقلار مۇكاپاتلاندى.

# سەمىمىي غەمخورلۇق ۋە ئۈمىد

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: 2003-يىل 2-ئاينىڭ 14-كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جياچىڭلىن مەركىزىي كومىتېت باش شۇجىسى خۇجىنتاۋغا ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى سەمىمىي كۆزدىن كەچۈردى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ يەندۇڭ، بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى دېجۇ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شەھەرلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يۈ ليەنتيەن قاتارلىق رەھبەرلەر بىللە كەلدى. جيا چىڭلىن ئالدى بىلەن جەمئىيەت رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، جەمئىيەت رەھبەرلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بەردى.

جيا چىڭلىن مۇنداق دېدى: 16-قۇرۇلتاي روھىنى ۋە 16-قۇرۇلتايغا بېرىلگەن دوكلاتتىكى دىن خىزمىتىگە دائىر مۇھىم بايانلارنى ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇش ھەر قايسى دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى، مەملىكەتلىك دىن خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى يەنە بىر قەدەم كۈچەيتىشى كېرەك. دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم نۇقتا ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىش. بىر قەدەر يۇقىرى سىياسىي ساپاغا ۋە دىنىي بىلىمگە ئىگە، ۋەتەننى، دىنىنى سۆيىدىغان، كەڭ ئېتىقادچى ئامما ھىمايە قىلىدىغان، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئېھتىياجىغا ماسلىشىدىغان دىنىي خادىملار قوشۇنىنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش ھەر قايسى دىنلارنىڭ كەلگۈسى قىياپىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش. ھەر قايسى دىنىي تەشكىلاتلار ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە كۆپرەك چارە-تەدبىرلەرنى ئويلىشى، كۆپرەك ئەجىر سىڭدۈرۈشى، كۆپرەك ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى كېرەك.

جيا چىڭلىن يەنە مۇنداق دېدى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەتەننى-دىنىنى سۆيۈش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ياردەمدە بولۇش، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. مەسىلەن، ۋەز-تەبلىغ خىزمىتى مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىش يولىغا يېتەكلەش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشقا خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ خىزمەت ناھايىتى مۇھىم شۇنداقلا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇ خىزمەتنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، ھۆكۈمەتنىڭ بەزى تەسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ئاكتىپ ياردەمدە بولۇش جەھەتلەردىمۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ناھايىتى نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

سۆھبەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن جياچىڭلىن قاتارلىقلار «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ۋە خەلقئارالىق ئىشلار بۆلۈمىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بۇ ئىككى بۆلۈمنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى سورىدى ۋە خىزمەتچى خادىملار بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشتى. جياچىڭلىن تەھرىر بۆلۈمىنى كۆردىن كەچۈرگەندە مۇنداق دېدى: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشى، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت-ئەخلاق ئەنئەنىلىرىنى زور كۈچ بىلەن نامايەن قىلىشى، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىدىكى جەمئىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش تەلىپىگە ۋە دەۋر تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاكتىپ ئامىللارنى يەنىمۇ قېزىپ چىقىپ، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى دەۋر تەرەققىياتى تەلىپىگە ماس ھالدا شەرھلىشى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىش يوللىرى ۋە ئۇسۇللىرى ئۈستىدە يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ئىزدىنىشى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى قەدەم بېسىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ئومۇمیۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار گۈللىنىشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

جيا چىڭلىن خەلقئارالىق ئىشلار بۆلۈمىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، چەتئەللەر بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىش ئىشلىرىغا ۋە 2003-يىللىق ھەج ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا دائىر ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سورىدى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا يېڭى ئۈمىد ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

# مۇندەرىجە


## ✱ ئالاھىدە خەۋەرلەر ✱

سەمىمىي غەمخورلۇق ۋە ئۈمىد ........ ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى(1)
5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى بېيجىڭدا
ئۆتكۈزۈلدى............................ ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (4)

## ✱ ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى ✱

تەقدىر مەسىلىسى ھەققىدە............ نەزىرە مۇھەممەد سالىھ (5)
ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا بىر تەرەپلىمىلىك
قاراشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايلى ..........................
............................ دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق (10)
شەيتاننىڭ ئادەمگە بولغان ئاداۋىتى ۋە ئادەم باللىرىنى
ئازدۇرۇشى توغرىسىدا ............................ سادىق قارىم (19)

## ✱ ئىسلام ئەقىدىلىرى ✱

سەۋرچانلىق توغرىسىدا ......ئابدۇرەھمان ئىسمائىل سەھرائى(22)

## ✱ «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى ✱

«قۇرئان كەرىم»دىكى كۆز، قۇلاق ھەققىدىكى ئاجايىپ بايانلار
توغرىسىدا............................ مۇختەر ياقۇپ (26)
مىسىرلىق دوختۇر «قۇرئان كەرىم» بېشارىتى بىلەن كۆز دورىسى
ياساپ چىقتى ............................ مىن شيەنلياڭ (32)

## ✱ ۋەز- تەبلىغ ✱

ئىتتىپاقلىقنىڭ دۈشمىنى سۇخەنچىلىك ............................
............................ ئابابەكرى قارى ھاجىم (33)
ئاداۋەتلەشكۈچىلەرنى ياراشتۇرۇش ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئەنئەنىسى
............................ ئابدۇللا قارى ھوشۇر (36)

## ✱ ئىسلام دىنى ۋە ئائىلە ✱

ئائىلە قۇرۇش ۋە بالا تەربىيىلەش توغرىسىدا ............................
............................ ياقۇپ ھەمدۇللا (38)

## ✱ ئىسلام دىنى ۋە سالامەتلىك ✱

يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە «قۇرئان
كەرىم»، ھەدىس شەرىف بايانلىرى ۋە سارىس كېسىلى............
............................ئابدۇرېقىپ داموللا ھاجى (46)






## جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

## 中国穆斯林

(پەسىللىك ژۇرنال 季刊)
(ئومۇمىي 67 -سان 总第67期)

باش مۇھەررىر:
شەمشىددىن ھاجى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ھاجى بارات رەجەپ
تېخنىك تەھرىر:
ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد
تەكلىپلىك تەھرىر:
ئادىل ھاجى كېرەم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:
شەمشىنۇر ھوشۇر


主　　编: 夏米西丁·哈吉
副 主 编: 巴拉提·热吉甫
技术编辑: 安瓦尔·穆罕默德
特邀编辑: 阿迪力·阿吉克力木
封面设计: 夏美希努尔·吾守尔

刊号 خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1007-5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11-1346/B

邮发代号: 58—167 :پوچتا ۋاكالەت نومۇرى
چەتئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1720
国外代号: Q1720

CHINA MUSLIM

مۇندەرىجە



2003
2

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100053
تېل: 83520073، 63513181 - 010
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 119-قورۇ پوچتا نومۇرى: 830001
تېل: 0991-2566193
جۇڭگو خەلقارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ

主　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
印　刷：中央民族大学印刷厂
订阅、发行：全国各地邮局、乌鲁木齐市邮政局；《中国穆斯林》维文编辑部
地址：北京市宣武区南横西街103号
邮编：100053
电话：(010) 63513181，83520073
新疆发行站：乌鲁木齐市延安路119号
邮编：830001电话：(0991) 2566193
国外发行：中国国际图书贸易公司

## * ئىمام-خاتىپلار مەسئۇلىيىتى *

يېڭى دەۋردىكى ئىمام-خاتىپلارنىڭ ئۈزلۈكسىز بىلىم ئاشۇرۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى توغرىسىدا........
........ مىجىت ئىسلام داموللا ھاجى (51)

## * ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار *

ئىسلام دىنىنىڭ ئەدەپ-ئەخلاق قارىشى ۋە تۇرمۇشىمىزدىكى بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىغانلىرىم........... ئابلاجان ئابلەت (56)

## * مەسچىت-مەدرىسىلەر *

قاغىلىق جامەسى .......................... دىلشات ئابلىز (59)

## * ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى *

قەشقەر ۋىلايىتى 3- نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2-سانلىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى چاقىردى..... ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (62)
يەكەن ناھىيىسىدە ئىسلام دىنى 4-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى ........................ ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (62)
قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى قېتىملىق قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى............... قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى (62)
پوسكام ناھىيىسىدە 7- قارارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى ...................... ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (62)
مەكىت ناھىيىسىدە دىنىي ئىزباسارلارنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى ........................
...................... قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى (62)

## * تۆھپىكار دىنىي زاتلار *

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋە سىدىق تۇردى، ئەلقەم ھۇسەن خەۋىرى.................................. (63)

## * ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار *

كەڭ خەلق ئاممىسى سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئاپەت رايون خەلقىگە پۇل ۋە ماددىي بويۇم ئىئانە قىلىش پائالىيىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى................ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى، ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد، سىدىق تۇردى، تۆمۈر دوستالى، پاتىگۈل تۇرسۇن، شاھمەردان ئىمىنىياز، ئابدۇخالىق ئالىم، ئەلقەم ھۇسەن، ھامۇتجان، ئابلىكىم ئابلا، رەيھانگۈل تۇراقلار خەۋىرى............. (63)

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى جۇمە مەسچىتى

(بۇ سان 2003-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى)

# 5- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان 5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى 4-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە بېيجىڭدا — جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زالىدا ئۆتكۈزۈلدى.

مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا مەملىكەت بويىچە 19 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئۆز ئورۇنلىرىدىن 86قارى ۋە قارىيەنى تاللاپ مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇشقا يوللىغانىدى. ئەستايىدىل تاللاش ئارقىلىق، ئۇلاردىن خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، دۇڭشياڭ، زاڭزۇ مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان 51 قارى ۋە قارىيە(يەنى 41 قارى ۋە 10 قارىيە) تاللىنىپ بۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلدى، جۈملىدىن شىنجاڭ رايونىدىن 12 قارى ۋە 2 قارىيە بۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا مۇشەررەپ بولدى.

مۇسابىقە ئىلگىرىكى نەچچە نۆۋەتلىك مۇسابىقىگە ئوخشاشلا ئەرلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاياللار گۇرۇپپىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ نۆۋەتتىكى مۇسابىقىدە شىنجاڭلىق قارىيلارنىڭ قىرائەت سەۋىيىسى ئالاھىدە نامايان بولدى. 12 قارىدىن 8 نەپىرى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان 16 قارىينىڭ قاتارىغا كىردى. ئىككى قارىيە ئاياللار گۇرۇپپىسى بويىچە 1- ۋە 2- بولدى. ئەستايىدىل، جىددىي ۋە كەسكىن مۇسابىقىلىشىش ئارقىلىق ئەرلەر گۇرۇپپىسىدىن شىنجاڭلىق ئەلى نىياز قارى(تۇرپاندىن) 1-دەرىجىلىك، شىنجاڭلىق ئابدۇرېشىت روزى قارى(يەكەندىن) بىلەن چىڭخەيلىك يى جېن قارى 2-دەرىجىلىك، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىن خېلىل ئوسمان قارى (ئۈرۈمچىدىن)، شىنجاڭلىق ئابدۇقادىر ئاۋۇت قارى(خوتەندىن) ۋە گەنسۇلۇق يى چىڭخۇي قارى 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ ئاياللار گۇرۇپپىسىدىن. شىنجاڭلىق شازادىگۈل مەگلىك قارىيە(ئۈرۈمچىدىن) 1-دەرىجىلىك، شىنجاڭلىق بۇۋى زۆھرە قارىيە(غۇلجىدىن) 2-دەرىجىلىك ۋە گەنسۇلۇق لى ياڭچىن قارىيە 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مۇسابىقە ھەيئىتى يەنە قارى ۋە قارىيەلەرنى تەجۋىدلىك قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى ھەققىدە مۇھاكىمە ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا ئۇيۇشتۇردى.

مۇسابىقىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمىغا دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 1-مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى شۇ يۈەنجى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن، مۇئاۋىن رەئىسلىرى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۇي، ئەلى لىيۇ شۇشياڭ، مۇھەممەد سەئىد مايۇنفۇ، شەمشىدىن ھاجى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى مۇستافا ياڭ جىبو، بارات رەجەپ، مەسلىھەتچى ئابدۇرەھىم ئىمىن، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خالىد ياڭ زۇڭشەن، شۇنداقلا ئىران، ئومان، پاكىستان، ھىندونېزىيە، ئافغانىستان قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىلىرىنىڭ باش ئەلچى ۋە كونسۇللىرى تەكلىپكە بىنائەن ئىشتىراك قىلدى. ئاياغلىشىش مۇراسىمىدا، نەتىجىگە ئېرىشكەن قارى ۋە قارىيەلەر يەنە بىر قېتىم قۇرئان تىلاۋەت ماھارىتىنى نامايان قىلىپ ئۆتتى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى نەتىجىگە ئېرىشكەن قارى ۋە قارىيەلەرگە مۇكاپات لوڭقىسى، تەقدىرنامە، مۇكاپات سوممىسى ۋە خاتىرە بۇيۇم تەقدىم قىلدى. ئومان ۋە ئىراننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىمۇ ئېسىل سوۋغا ئاتىدى. يىغىن ئاخىرىدا ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن نۇتۇق سۆزلەپ، بۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە سەممىي تەشەككۈر ئېيتتى ھەم نەتىجىگە ئېرىشكەن قارى ۋە قارىيەلەرنى چىن قەلبىدىن تەبرىكلىدى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 1-مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى شۇ يۈەنجى سۆز قىلىپ، جەمئىيىتىمىز ئۇيۇشتۇرغان بۇ نۆۋەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، مۇسابىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق دىنىي پائالىيەتلەرنى داۋاملىق ياخشى ئۇيۇشتۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

# تەقدىر مەسىلىسى ھەققىدە *

نەزىرە مۇھەممەد سالىم

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

## تەقدىر يولىدا تەدبىر

تەقدىر مەسىلىسىنى چۈشىنىشتە نۇرغۇن خاتا كۆزقاراش ۋە خاھىشلار ئوتتۇرىغا چىققان. تەقدىر ئەقىدىسىدە قەدەرىيەلەر بىلەن جەبەرىيەلەرنىڭ خاتا كۆزقارىشىنى ئەمەس، بەلكى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئەھلى سۈننە ۋە جامائە ئەقىدىسىدىكى ئىككى دائىرە ئاساسىدا چۈشىنىشنى تەقدىر ئەقىدىمىزنىڭ مىزانى قىلىشىمىز كېرەك.

ھەممە ئىشنى تەقدىردىن كۆرۈش، ھۇرۇنلۇق، ئىرادىسىزلىكتەك ئۆزىدىكى كەمچىلىكلەرنى مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ تەقدىرگە ئارتىش، ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، يامانلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن سەۋەب قىلماي، تىرىشماي، بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ تۇرۇش، چارە-تەدبىر قىلماي، ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش دەپ يېتىشتەك ئىسلام دىنى روھىغا يات بولغان بۇنداق ناچار خاھىشلارنى بىز تارىخى ئۆتمۈشتىنلا ئەمەس، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئەتراپىمىزدا ئېچىنىش ۋە ئەپسۇسلىنىش بىلەن كۆرۈپ تۇرماقتىمىز.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە، بىر ئوغرى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنىپتۇ. ئۇنىڭدىن: "نېمىشقا ئوغرىلىق قىلدىڭ؟" دەپ سورىغان ئىكەن، ئۇ: "ئاللاھ تائالا پېشانەمگە شۇنداق قىلىشنى پۈتۈپتىكەن" دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىپ يەنە دەررە بىلەن ئۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. ئەتراپتىكىلەر ئەجەبلىنىپ: "قولىنى كېسىش ئوغرىلىقنىڭ قازاسى ئۈچۈن، يەنە نېمىشقا دەررە بىلەن ئۇرىدۇ؟" دېيىشىپتۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "قولىنى كېسىش ئوغرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، دەررە بولسا ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغانلىقى ئۈچۈن" دەپتۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مەدىنىدىن شامغا يۈرۈش قىلىپ سەرىغ دېگەن جايغا كەلگەندە، شامدا ۋابا تارقالغانلىقى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەپتۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ شامغا كىرىش ياكى كەينىگە قايتىپ كېتىش ھەققىدە ساھابىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قايتىپ كېتىش قارار قىلىنىپتۇ. ساھابىلەردىن ئەبۇ ئۇبەيد جەرراھ: "ئى ئۆمەر، ئاللاھنىڭ پۈتكەن تەقدىرىدىن قاچامسەن؟" دېگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "مۇشۇ گەپنى سەندىن باشقا بىرسى دېسە ئەجەبلەنمەس ئىدىم. شۇنداق، ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن يەنە ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە قاچىمىز. ئەگەر بىر كىشى دەريا ۋادىسىغا بارسا، دەريانىڭ بىر تەرىپى ئوتلاق يەنە بىر تەرىپى گىيا ئۈنمەس قاقاس يەر بولسا، ئوتلاقتا پادىلىرىنى باققان كىشىمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن،

---
* باش قىسمى ئۆتكەن سانلاردا

قاقاس يەردە پادىلىرىنى باققان كىشىمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن باققان بولىدۇ" دەپ جاۋاب بەرگەن. ساھابە ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋابا تارقالغان جاي ھەققىدە ئېيتقان: "ئەگەر ۋابا تارقالغان جايدا بولساڭلار، ئۇ يەردىن چىقىپ كەتمەڭلار، ئەگەر باشقا يەردە بولساڭلار ۋابا تارقالغان جايغا بارماڭلار" دېگەن ھەدىسىنى يەتكۈزگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناھايىتى خوش بولغان.

ھەدىستە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ توغرا تەقدىر ئەقىدىسى بىلەن ھەممە خىل ھالەتنىڭ ئاللاھنىڭ ھۆكۈم قىلغان ئىلمى ئەزەلىسىدە مەلۇملۇق بولغان تەقدىرى ئىكەنلىكىنى ۋابا كېسەلگە دۇچ كېلىشتەك تەقدىر ئالدىدا، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەدبىر قىلىشمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى ئىكەنلىكىنى، پادىلىرىنى قاقاس يەردىن ئوتلاققا يۆتكىگەن كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ بىر خىل تەقدىرىدىن يەنە بىر خىل تەقدىرىگە يۆتكەلدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەمەلىيەتتە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋابادىن ھەزەر ئەيلەپ شامغا كىرمىگەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ "ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار"، دېگەن {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 195-ئايەت} ئايىتىنىڭ رېئاللىقتا جانلىق تەدبىقلىنىشى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممە ئىشلىرىدا سەۋەب تەدبىر قىلاتتى؛ جەڭگە ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى قوشۇنلارنى پۇختا تەييارلىق قىلدۇراتتى؛ قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن خەۋەرچىلەرنى ئەۋەتەتتى؛ شەھەر ئەتراپىغا ئورەك كولىتىپ ئوقياچىلارنى جايلاشتۇراتتى؛ ساۋۇت-دۇبۇلغا كىيىپ جەڭگە كىرەتتى؛ يىراق جايلارغا سەپەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى، ھەمراھلىرىنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكىنى ئالدىنئالا تەييارلىتاتتى؛ ئۆيدىكىلەرگە تاكى قايتىپ كەلگۈچە يەتكۈدەك يېمەك-ئىچمەك جايلاپ بېرەتتى. ھەرگىزمۇ تەقدىرنى بانا قىلىپ، ئاسماندىن رىزىق چۈشۈشىنى ساقلاپ ئولتۇرمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل بولۇپ قالغاندا ساقىيىش ئۈچۈن داۋا قىلاتتى ھەم ساھابىلىرىنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيتتى، "ئاللاھ تائالا ھەر قانداق كېسەلنى داۋاسى بىلەن قوشۇپ ياراتقان" دېگەن ھەدىسنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتەتتى. بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا: "ئى رەسۇلۇللاھ ھەر نەرسە تەقدىر بىلەن بولسا، كېسەلگە داۋا قىلىشنىڭ نېمە لازىمى؟" دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "كېسەلگە داۋا قىلماقمۇ تەقدىردىندۇر، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن داۋا پايدا قىلىپ كېسەل شىپالىق تاپىدۇ" دەپ جاۋاب بەرگەن.

تەقدىرگە شەكسىز ئىمان ئېيتىش، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئەمەللەرنى قىلىش، شۇ جۈملىدىن ھەرقانداق ئىشنى تىرىشىپ ئىشلەپ چارە-ئامال قىلىش، سەۋەب قىلىپمۇ ئالدىنى ئالالمىغان ئىشلاردا ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىگە رازى بولۇش، غەيب مەسىلىلەردە شەك-شۈبھىگە، ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان بىھۇدە زېھىرلاشتىن ساقلىنىش ئەھلى سۈننە ۋە جامائەنىڭ تەقدىر مەسىلىسىدىلا ئەمەس، بارلىق ئەقىدە ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىدا تۇتقان يولى ئىدى. شۇنداقلا بىزنىڭ ئۈلگە قىلىشىمىزغا، ئىزىنى بېسىشىمىزغا ئەرزىگۈدەك ئېسىل ئۆرنەك ئىدى. تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەربىر كارتىنىلىرىدا ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز مۆجىزىدار كۈچىنى نامايان قىلىدۇ، ئىنسانىنى پەرۋەردىگارى بىلەن مەھكەم باغلاپ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىنى، كائىناتتىكى ماس بىرلىكنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئىنسانغا سەۋر، ئۈمىد ۋە خاتىرجەملىك بېغىشلايدۇ.

## ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش جۈملىسىدىندۇر

(1) ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشنىڭ مەنىسى ئىنساننىڭ ھەممە ئىشلىرىدا ئاللاھقا يۆلىنىش،

ئاللاھنىڭ ئىلمىگە، قۇدرىتىگە، ئەمەلگە يارىشا بېرىدىغان ساۋاب ۋە جازاسىغا ئىمان ئېيتقان ھالدا ئۆز ئىشلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: **"ئاللاھقا تائەت-ئىبادەت قىلىشقا ئاللاھتىن باشقا ياردەمچى يوق، گۇناھ، ئاسىيلىق قىلىشتىن ئاللاھتىن باشقا ساقلىغۇچى يوق"** دېگەن ھەدىسىنى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنىڭ ئىخچام خۇلاسىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ زۆرۈر تەركىبى قىسىملىرىنىڭ شۇنداقلا ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بەندىلەرنى ھەممە ئىشلىرىدا بىر ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشنى ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىن قىلغان: **"ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بەرسە سىلەرنى ھېچ كىشى يېڭەلمەيدۇ، ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردىمىنى تەرك ئەتسە ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە كىم ياردەم بېرىدۇ؟ مۆمىنلەر يالغۇز ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسۇن! (يەنى ھەممە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرسۇن)"** {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 160-ئايەت}؛ **"سەن ئۇلاردىن يۈز ئۆرىگىن (يەنى كەچۈرگىن)، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن، (تەۋەككۇل قىلغۇچىغا) ئاللاھنىڭ ھامىيلىقى يېتەرلىكتۇر"** {سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 81-ئايەت}؛ **"ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ"** {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 159-ئايەت}؛ **"مۇسا: ئى قەۋمىم! ئەگەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان بولساڭلار، ئاللاھقا بويسۇنغان بولساڭلار ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىڭلار (يەنى ھەممە ئىشىڭلارنى ئاللاھقا تاپشۇرۇڭلار، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاللاھقا يۆلىنىڭلار)، دېدى"** {سۈرە «يۇنۇس» (10-سۈرە)، 84-ئايەت}.

ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ھەرگىزمۇ بەزى كىشىلەر چۈشەنگەندەك ئىشلاردا ھېچقانداق سەۋەب، تەدبىر قىلمايلا قارامىلىق قىلىشنى ئەمەس، بەلكى تىرىشىپ ئىشلەش، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە چارە-ئامال قىلغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئەجىر قىلغۇچىنىڭ ئەجرىنى زايا كەتكۈزۈۋەتمەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھالدا ئاللاھقا يۆلىنىش ۋە ئىشلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇشتۇر. شەيخ مۇھەممەد مۇتەۋەللى شەئراۋى مۇنداق دەيدۇ:

"ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش قەلبكە خاس سۈپەتتۇر، بەدەننىڭ سۈپىتى ئەمەستۇر. بەدەنگە بولسا ئىجتىھات قىلىش، ئىشلەش پەرز قىلىنغان، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش بولسا چارە-ئامال قىلىش، تىرىشىپ ئىشلەشكە كىرىشكەندىن كېيىن ئاللاھقا يۆلىنىش ۋە ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۆمىن بەندە قەلبى بىلەن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدۇ، بەدىنى بولسا مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن چارە-تەدبىر ئىزلەپ ئىشلەيدۇ. تەۋەككۇلنىڭ ھەقىقىتى شۇكى، سېنىڭ بەدىنىڭ ئىشلەپ چارچايدۇ، قەلبىڭ بولسا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش بىلەن ئارام تاپىدۇ".

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا بىر كىشى تۆگىسىنى باغلىماستىن قويۇۋېتىپ ۋە "ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: **"ئاۋۋال تۆگىنى باغلا، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىل"** دېدى.

شۇڭا، تەدبىر قىلماي ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش خاتادۇر.

«قۇرئان كەرىم»دە ئىنساننى ئىجتىھات قىلىشقا، ئىشلەشكە دەۋەت قىلغۇچى ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ.

**"ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا**

**تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتلىرى بىلەن بولۇپ) ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار"**{سۈرە «جۇمۇئە» (62-سۈرە)، 10-ئايەت}.

ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدىكى رولى ناھايىتى زور. ئىسلام تارىخىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ئەڭ قىيىن شارائىتلاردا پىداكارانە روھ بىلەن تارىخ بېتىگە ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى يازغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجايىپ نەتىجىلىرى بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالىدۇر. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش غۇۋا كۆزلەرنى روشەنلەشتۈرگۈچى نۇرلۇق ماياككا ئوخشاش ئىنسانغا پۈتمەس كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ.

## ئاخىرقى سۆز

تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى ئەقىدىلىرىدىن بىرىدۇر، مەيلى ياخشىلىق، يامانلىق بولسۇن ھەممىنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئىماننىڭ ئالتە تەركىبى قىسمىنىڭ بىرى بولغاچقا، بەندە تاكى تەقدىرگە ئىمان ئېيتمىغۇچە تولۇق ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ. شۇڭا تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. تەقدىر ھەققىدىكى ھەرقانداق خاتا كۆزقاراش ئىنساننى بەختسىزلىك ۋە گۇمراھلىققا ئېلىپ كېلىدۇ.

گەرچە جەبرىيەلەر پىرقىسى ھىجرىيە 4-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ قالغان، قەدەرىيەلەرمۇ پەيدىن-پەي يوقالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قالدۇق تەسىرى يەنىلا كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىن يوقالغىنى يوق. بەزىلەر قەدەرىيە ۋە جەبرىيەلەرنىڭ تەقدىر ئەقىدىسىدىكى بىر تەرەپلىمە قارىشى ۋە شۇ ئاساستىكى ئەمەلىيىتىگە قاراپلا، ئىسلام تارىخىنىڭ مەلۇم دەۋرىدىكى قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى تەقدىر ئەقىدىسىنىڭ نەتىجىسى دەپ كۆرسىتىدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخ بەتلىرىدە قالدۇرغان، دۇنيانى تاڭ قالدۇرغان ئاجايىپ تۆھپىلىرىنىڭ دەل شۇ ساغلام بولغان تەقدىر ئەقىدىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكى بۇنداق خاتا كۆزقاراشنى ئىنكار قىلىدۇ.

تەقدىر ئەقىدىسىنى ئەھلى سۈننە ۋە جامائەنىڭ كۆزقارىشى ئاساسىدا چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش بىزنى ساغلام ئەقىدە بىلەن ئىسلام تارىخى سەھىپىلىرىدە نۇرلۇق ئىزلارنى قالدۇرۇشقا ئاساس ھازىرلاپ بېرىدۇ. بۇ توغرا مەسلەك مۇنداق ئىككى نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەرنى ئاللاھنىڭ ئۆز ئىرادە ۋە خاھىشى بويىچە ياراتقانلىقى ۋە ئۇلارغا ئۆز ھېكمىتى بىلەن مۇناسىپ ئۆلچەم، قانۇنىيەت بېكىتكەنلىكىگە، يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش زۆرۈردۇر. مانا بۇ خىل ئەقىدە بىزنى قەدەرىيەلەرنىڭ ئىنساننى مۇتلەق ئەركىنلىككە ئىگە قىلىپ، تەقدىرنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى رولىنى ئىنكار قىلىدىغان بىر تەرەپلىمە قارىشىدىن خالىي قىلىدۇ. مانا بۇ خىل ئەقىدە بىلەن، ئىنساننىڭ قايسى زامان، قايسى ماكاندا تۇغۇلۇش، چىراي-شەكلى، مىجەز-خۇلق، قاچان قەيەردە، قانداق سەۋەبلەر بىلەن ئۆلۈشتەك بىزنىڭ ھېچقانداق ئىرادە ۋە ئىختىيارىمىز بولمىغان ئىشلاردا ئاللاھنىڭ مەلۇم ھېكمەت ۋە مەقسەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرغانلىرىغا رازىمەنلىك بىلەن شۈكۈر قىلىمىز ۋە ھەمدۇ-سانا ئېيتىمىز.

2. ئاللاھ تائالانىڭ غەيبنى بىلگۈچى ئىكەنلىكى، ئىلمىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، ئىلمى ئەزەلى دائىرىسىدىن چەتتە قالىدىغان ھېچنەرسىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى، شۇ جۈملىدىن ئىنسان يارىتىلغاندىلا، ئۇنىڭ ئۆز خاھىشى ۋە ئىختىيارى بىلەن قانداق ئەمەللەرنى قىلىدىغانلىقى، ئاخىرەتتە ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى ئاللاھقا

مەلۇملۇق، لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىقلىق ئىكەنلىكى، ئاللاھنىڭ مەجبۇرلىغۇچى ئەمەس، ئىنساننىڭ ئۆز ئەزەلىيسى بىلەن ئالدىنئالا بىلىپ تەقدىر قىلىپ پۈتۈپ قويغانلىقىغا ئىمان ئېيتىش زۆرۈردۇر.

تەكىتلىنىش تېخىمۇ زۆرۈر بولغان بۇ ئەقىدە بىزنى تاقىتىمىزنىڭ يېتىشىچە چارە-ئامال قىلىشقا، تىرىشىپ ئىشلەشكە دەۋەت قىلىدۇ. بىزنى جەبەرىيلەرنىڭ ئىنساننىڭ ئۆز ئەيىب-نۇقسانلىرىنى تەقدىرگە ئارتىپ قويۇش، ھەممە ئىشتا، ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، يامانلىقنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن سەۋەب قىلماستىن، بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشتەك ئىسلام دىنى روھىغا يات، تەقدىر ئەقىدىسىگە زىت بولغان پاسسىپ ئىدىيىلەرنى روھىمىزدىن چىقىرىپ تاشلاشقا تۈرتكە بولىدۇ. چۈنكى تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش ھەرگىزمۇ ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، يامانلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن چارە-تەدبىر ئىشلىتىپ تىرىشىپ ئىشلەشنى چەتكە قاقمايدۇ، ئەكسىچە ئاللاھنىڭ كائىناتتا بەرپا قىلغان قانۇنىيىتى، ئادەمنى يارىتىشتىكى مەقسىتى بىزدىن سەۋەب قىلىش، تىرىشىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەنە شۇ سەۋەبمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىندۇر.

ئىنسان ئۆزىنىڭ قانداق ھادىسىلەرگە دۇچ كېلىشىنى تاكى شۇ ئىش يۈز بەرمىگىچە بىلمەيدۇ. بۇ ئىش يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ئاللاھنىڭ غەيب ئىلمى دائىرىسىدە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئەقىل-پاراسەت، ئىختىيار ۋە شارائىتتىن ئوبدان پايدىلىنىپ مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش، يامانلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن چارە-ئامال قىلىپ تىرىشىپ ئىشلىشى تەقدىرگە ئىمان ئېيتىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئىنسان چارە-ئامال قىلىپمۇ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەندە: "مەن قولۇمدىن كېلىدىغان ئىجتىھاد، چارە-ئامالنىڭ ھەممىنى قىلدىم. ئاللاھنىڭ پۈتكىنى بولىدى، ئاللاھ غەيبنى بىلگۈچىدۇر" دېيىشى ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇش ۋە تەن بېرىشتۇر. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان رەھمىتى بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئىنسان تەسەللى تېپىپ ئۈمىدۋار بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتى بۇ مەزمۇننى تېخىمۇ روشەن بايان قىلىدۇ: **"يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزەڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان، بۇ(ئىش)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھقا ئاساندۇر، (ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىشى) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە ئاللاھ بەرگەن نەرسىلەرگە خوش بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر"** {سۈرە «ھەدىد» (57-سۈرە)، 22-، 23-ئايەت}.

ئىسلام ئالىملىرىدىن مۇھەممەد غەزالى «عقيدة المسلم» (مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسى) ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

"دېھقان ئېتىزغا ئۇرۇق تېرىيدۇ، پەرۋىش قىلىدۇ. ئەمما يامغۇر يېغىپ زىرائەتنى سۇغىرىش، زىرائەتنىڭ ئۆسۈشى، ھوسۇل بېرىشى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ۋە ئىزنى بىلەن بولىدۇ. بىز ئاللاھنى زىرائەتنى ئۆستۈرۈپ بەرگۈچى دەيمىز. چۈنكى ئۇرۇقنى ياراتقۇچى، زىرائەتنى ئۆستۈرۈپ ھوسۇلغا ئىگە قىلغۇچى ئاللاھ تائالادۇر. شۇنداقلا دېھقاننىمۇ تېرىغۇچى دەيمىز. چۈنكى دېھقان زىرائەت ئۈچۈن مۇنبەت يەرنى تاللاش، ئۇرۇق سېلىش، پەرۋىش قىلىشتەك سەۋەبلەرنى قىلدى. ئىنسان ھاياتتىكى ئەمەللىرى بىلەن گويا ئېتىزغا ئۇرۇق سېلىۋاتقان دېھقانغا ئوخشايدۇ. ئەگەر خالىساڭ ھايات ئېتىزىڭغا ياخشىلىقنى تېرىغىن، ئاللاھ تائالا ئىرادە، قۇدرىتى ۋە ئادىل ھۆكمى بىلەن ساڭا ساۋاب، ئەجرىنىڭ كۆلدەستىسىنى بېرىدۇ. ئەگەر خالىساڭ يامانلىقنى تېرىغىن، ئاللاھ تائالانىڭ ساڭا بېرىدىغىنى تىكەنلىك بولىدۇ".

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر
ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئىسلام دىنىنى ئۇرمىلاشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا بىر تەرەپلىمىلىك قاراشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايلى*

دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق

## ئىسلام دىنى ۋە ئىنسانىيلىق مەسلىسى

### ئۈچىنچى، ئاللاھ بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە قانداق بولۇشى كېرەك؟

1. ئاللاھ تائالا ئىنساننى خەلق ئېتىپ (يارىتىپ)، ئۇنى زېمىندىكى خەلىپىسى قىلدى، ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئۇنىڭغا مۇسەخخەر قىلىپ (بويسۇندۇرۇپ) بەردى ھەمدە ئۇنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا ئىنساننى بۇ كائىناتنىڭ باشقۇرغۇچىسى قىلىپ تەيىنلەشنى ئىرادە قىلغان، شۇڭا ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن خەلق قىلىنغان بەندە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسلىقى لازىم. لېكىن ئىنساننىڭ بەندىچىلىكى بېسىم بىلەن يۈرگۈزۈلمەيدۇ، ئاللاھ تائالاغا تائەت-ئىبادەت قىلىش ياكى ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىش بەندىنىڭ ئۆز ئىلكىدىكى ئىش بولۇپ، بۇ ئىككىسىدىن خالىغان بىرىنى تاللاش ئىنساننىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىدا بولىدۇ، بۇنىڭدا ھېچقانداق زورلاش مەۋجۇت ئەمەس، ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇكى: **"خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كۇففار بولسۇن"** {سۈرە«كەھف» (18-سۈرە)، 29-ئايەت}. ھۆرلۈك بەندىچىلىكنىڭ زىتى بولۇپ، ئىنسان ھەر ۋاقىت خالىغىنىنى تاللاش ئەركىنلىكىگە ئىگە، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا ئۆزى مەسئۇل بولۇشى لازىم. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇكى: **"كىمكى (دۇنيادا) ياخشى ئىش قىلسا، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن قىلىدۇ، كىمكى يامان ئىش قىلسا، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن قىلىدۇ"** {سۈرە«جاسىيە» (45-سۈرە)، 15-ئايەت}.

2. ئاللاھ تائالا ئىنساننى ھۆرمەتلىك قىلدى، ئۇنى باشقا نۇرغۇنلىغان مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن قىلىپ ياراتتى. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىدۇكى: **"بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق"** {سۈرە«ئىسرا» (17-سۈرە)، 70-ئايەت}. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسان بالىلىرىغا ئىنئام قىلغان ھۆرمىتى بارلىق رەزالەتلەردىن خالىي بولۇپ كەلگەن. ئاللاھ تائالا ئىنساننى خەلق ئېتىپ ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ھەمدە پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا ئەمر قىلغان: **"مەن ئۇنى تولۇق ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرى تولۇق ۋە مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن چېغىمدا، سىلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار"** {سۈرە«ھىجر» (15-سۈرە)، 29-ئايەت}. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنساننى يارىتىپ ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ خىل ئىلاھىي كامالى قۇدرەتتىن ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسان بىلەن بولغان چوڭقۇر ئالاقىسىنى تولۇق كۆرۈۋالالايمىز. ھەر بىر ئىنسان ئاللاھنىڭ ئەزەلىي ئىرادىسى بىلەن بۇ جانغا مۇشەررەپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئاللاھ بىلەن بىرگە بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: **"سىلەر قەيەردە بولساڭلار، ئاللاھ**



* باش قىسمى ئۆتكەن سانلاردا

**سىلەر بىلەن بىرگە"** {سۈرە«ھەدىد» (57-سۈرە)، 4-ئايەت}.

3. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇركى: **"بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى ياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى بىلىمىز، بىز ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز"** {سۈرە«قاف» (50-سۈرە)، 16-ئايەت}. **"مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن"** {سۈرە«بەقەرە» (2-سۈرە)، 186-ئايەت}. **"مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر"** {سۈرە«ئەئراف» (7-سۈرە)، 156-ئايەت}. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئۆزىنى جەببار(ئاللاھ ھەممىنى قەھرى بىلەن تىزگىنلەپ تۇرغۇچى) دەپ بىر قېتىم، قاھىر(ھەممە شەيئىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچى) دەپ ئىككى قېتىم، قەھھار(ھەممە ئىشنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچى) دەپ ئالتە قېتىم سۈپەتلىگەن بولسا، ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئۆزىنى يەنە 57 قېتىم رەھمان(ئاللاھنىڭ شەپقىتى جەھەتتىكى چوڭ نېمەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ)، 115 قېتىم رەھىم(ئاللاھنىڭ ئىنچىكە نېمەتلىرىدىكى شەپقەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ) دېگەن ئىسىم بىلەن سۈپەتلىگەن، ئۇندىن باشقا قۇرئاندىكى ھەر بىر سۈرىنىڭ بېشىدا رەھمان، رەھىم دېگەن سۈپەتلەر جەمئىي 114 قېتىم زىكىر قىلىنغان، ئاللاھ ئۆزىنى يەنە رەئۇف دەپ سۈپەتلىگەن بولۇپ، بۇ ئاللاھنىڭ رەھىمدىل، مېھرىبان ۋە رەھمىتىنىڭ كەڭ بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇلاردىن باشقا، قۇرئاندا يەنە ئاللاھنىڭ مېھرىبان، شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ تىلغا ئېلىنغان. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىدۇ، بۇ خىل ئالاقە ئاللاھنىڭ ئىنسانغا ھەر ۋاقىت يېقىن بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ رەھىمدىل، مېھرىبان ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ بەندىنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئالاقە بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئۆز بەندىسىگە بولغان مېھرى-شەپقىتى ئانىنىڭ بالىغا بولغان مېھرى-شەپقىتىدىنمۇ ئۈستۈندۇر، بۇ خىل مېھرى-شەپقەتنى ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ھېس قىلالايدۇ.

**تۆتىنچى، ئىسلام دىنى ئىنسانىنىڭ ئەقىل-پاراستىگە قانداق قارايدۇ؟**

1. ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ ئەقىل-پاراستىگە ناھايىتى يۇقىرى ئېتىبار بىلەن قارايدۇ، ئۇنىڭ رولىنى يۇقىرى مەرتىۋىگە قويىدۇ. ئەقىل-پاراسەت مەسئۇلىيەتنىڭ ۋاستىسى بولۇپ، ئىنسان ئۇ ئارقىلىق پەرۋەردىگارىنى تونۇيدۇ. يارىتىلىشنىڭ سىر-ئەسرارلىرىنى ۋە ياراتقۇچىنىڭ ئەزەمىتىنى ئىدراك قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئۆز خىتابىدا ئىنساننىڭ ئەقلىگە قاراپ خىتاب قىلىدۇ، ئەقلىنىڭ كائىناتقا نەزەر تاشلاپ كۆزىتىشىنى ۋە تەھلىل-تەتقىق قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ پاراۋانلىقى، زېمىننىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى دەۋەت قىلىدۇ. ئىسلامدا ئەقىلگە مۇخالىپ كېلىدىغان ياكى توغرا پىكىر بىلەن ياراشمايدىغان ۋە ياكى ئىلىمنىڭ ھەقىقىتى بىلەن زىت كېلىدىغان ھېچقانداق نەرسە مەۋجۇت ئەمەس.

2. ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ ئەقلىنى چوقۇم ئىشلىتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەقىل-پاراسەتنى بىر يەرگە قايرىپ قويىدىغانلارنى زور دەرىجىدە ئەيىبلەيدۇ، شۇڭا، «قۇرئان كەرىم» ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىش تۇتمايدىغانلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېگەن: **"ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار كۆزلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ، ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ**

ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ، ئۇلار گويا هايۋانغا ئوخشايدۇ، هايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھدۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر" {سۈرە «ئەئراف» (7-سۈرە)، 179-ئايەت}. شۇنىڭدەك، «قۇرئان كەرىم» ئەقىلنى ئىشلەتمەسلىكنى گۇناھ دەپ قارىغان، شۇڭا كۇففارلارنىڭ قىيامەت كۈنى دەيدىغان سۆزى «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق بايان قىلىنغان: " ئۇلار: ' ئەگەر بىز (پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلىغان ياكى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزاخ قاتارىدا بولماس ئىدۇق'، دەيدۇ. ئۇلار گۇناھىنى تونۇيدۇ" {سۈرە«مۈلك» (67-سۈرە)، 10 — 11-ئايەت}.

3. ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا جىمى كائىناتنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، شۇڭا، ئىنسانلار ئىنسانىيەتنىڭ پاراۋانلىقى ۋە زېمىننىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئەقىلنى ئىشقا سېلىشى لازىم، دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: " ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى" {سۈرە«ھۇد» (11-سۈرە)، 61-ئايەت}. " ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇنىڭدا ھەقىقەتەن (قۇدرىتى ئىلاھىيىسى) تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) روشەن دەلىللەر بار" {سۈرە «جاسىيە» (45-سۈرە)، 13-ئايەت}. دېمەك، جىمى كائىنات ئىنساننىڭ تەپەككۇر قىلىشى ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان، شۇڭا، ئىنسان ئاللاھ تائالا ئۆز پەزلى-نېمىتى بىلەن ئىنئام قىلغان ئەقىل ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. دېمەك، ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغانلىكى نەرسە بولسا ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىشقا چاقىرىدۇ.

4. ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن شەرئى ھۆكۈملەرگە مۇسۇلمانلار چوقۇم ئىزچىل ئەمەل قىلىشى لازىم، ئەمما ئىسلام دىنى بۇ دۇنيالىق ئىشلىرىغا قارىتا ئىنسانلارغا ئىجتىھاد قىلىش ئەركىنلىكىنى بەرگەن. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: " سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ دۇنيالىق ئىشلىرىڭلارنى تېخىمۇ ئوبدان بىلىسىلەر" (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). بۇ «ھەدىس شەرىف»دىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنى تەپەككۇر قىلىش ئەركىنلىكى ۋە ئىلمىي تەتقىقات قىلىش ساھەلىرىنى مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ئېچىپ بەرگەن بولۇپ، بۇ ساھەلەرنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن مۇيەسسەر قىلىنغان. ئەمما شۇنىسى ئېنىق بولۇشى زۆرۈركى، بۇ شەرت-شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ ئىسلام دىنىنىڭ شەنىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. ھەر قانداق بىر دىنىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىززەت-ھۆرمىتى بولىدۇ، قۇرئانى ۋەھيى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سەھىھ سۈننىتىگە شەك كەلتۈرگەن ياكى ئۇنى ئۆزگەرتكەن ۋە بۇرمىلىغانلارنى ئىسلام دىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ ھەمدە بۇ خىل قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانغانلارنى دىن دۈشمەنلىرى دەپ قارايدۇ. بۇ دائىرىدىن باشقا ساھەلەردە، ئىنساننىڭ ئۆز ئەقىل-پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشىنى، يېڭى كەشپىياتلارنى مەيدانغا ئېلىپ كېلىشىنى ئىسلام دىنى ناھايىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەرغىب قىلىدۇ.

### بەشىنچى، ئىسلام دىنى تەۋەككۇلچىلىكنى تەرغىب قىلامدۇ؟

1. «قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرە-ئايەتلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئىسلام دىنىنىڭ ئەمەل-ئەمگەككە ئىنتىلىشنى تەرغىب قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەمەل دېمەك ھايات دېمەكتۇر، ئەمەل-ئەمگەكسىز ھاياتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا، «قۇرئان كەرىم» بىرمۇنچىلىغان ئايەتلىرىدە ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەللەرنى

ئۆزئارا باغلاپ بايان قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ياخشى ئەمەللەر ئىنسانىنىڭ ئادا قىلىشى زۆرۈر بولغان بارلىق دىنىي ۋە دۇنياۋى ئەمەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ يولى ۋە ئىنسانىنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغانلا بولسا، ھەممىسى ئوخشاش ياخشى ئەمەل ھېسابلىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئەمر قىلىدىغان ئايەتلەرنىڭ مەنىسى ناھايىتى ئېنىق: **"(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، '(خالىغان) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەلىڭلارنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ' "** {سۈرە«تەۋبە» (9-سۈرە)، 105-ئايەت}. «قۇرئان كەرىم» يەنە مۇسۇلمانلارنى جۈمە كۈنىدىمۇ ئەمەل-ئەمگەك بىلەن مەشغۇل بولۇشقا چاقىرىدۇ. **" ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار"** {سۈرە«جۇمۇئە» (62-سۈرە)، 10-ئايەت}.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانىنى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتىگىچە ھەتتا دۇنيانىڭ نىھايىتىگىچە ئەمەل-ئەمگەك بىلەن مەشغۇل بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: **" بىرىڭلارنىڭ قولىدا بىرەر كۆچەت بولۇپ قېلىپ قىيامەت قايىم بولۇپ قالسىمۇ، ئۇنى تىكىۋەتسۇن"** (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەمىشە مەسچىتتىن چىقماي ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنى بولسا باشقىلار تەمىنلەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى بۇنداق قىلىشتىن قەتئىي توسقان، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مېھنەت بىلەن شۇغۇللانغانلارنى بولسا ماختىغان ھەمدە ئۇلارنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر دەپ مەدھىيىلىگەندى.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، ئۇ زات «قۇرئان كەرىم»دىكى تەلىماتلار بويىچە ئەمەل-ئىبادەت قىلاتتى، بىر ئىشنى قىلىشقا بەل باغلىغاندا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ سەۋەب-نەتىجىسىگە قارايتتى، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلاتتى. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش دېگەنلىك ئەمەل-ئەمگەكنى تەرك ئېتىش، بىر ئىشنىڭ سەۋەب-نەتىجىسىگە ئېتىبار بەرمەسلىك دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ھەممە تەييارلىقلار ھازىر بولغاندىن كېيىن بولىدىغان ئىككىنچى باسقۇچتىن ئىبارەت. شۇڭا ئىنسان ھەر دائىم ئاللاھنى ياد ئېتىپ، ئاللاھتىن بارلىق قىيىن-مۇشكۇلاتلارنى يېڭىش ئۈچۈن قۇۋۋەت ۋە مۇستەھكەم ئىرادە ئاتا قىلىشنى تىلىشى لازىم. دېمەك، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش بىر خىل ئىجابىي كۈچ-قۇۋۋەت بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ سەلبىي ھادىسە ئەمەستۇر.

''ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم، ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىنى ئۆزىنىڭ ئەزەلىي ئىلمى بىلەن بېكىتىپ قويغان، ئۇ ئۆزىنىڭ كامالى قۇدرىتى بىلەن خالىغىنىنى قىلىدۇ''، دەپ سەۋەب-نەتىجىگە ئېتىبار بەرمەسلىك ۋە ئەمەل-ئەمگەكلەرنى قىلماسلىقتەك ئىللەتلەرنى ئىسلام دىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ، ئىنسان ئۆز-ئۆزىگە ياردەم قىلمىسا ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم قىلمايدۇ، ئاللاھ تائالا پەقەت ئەمەل-ئەمگەكلەرنى قىلىدىغانلار بىلەن بىرگە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: **" ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ "** {سۈرە«رەئد» (13-سۈرە)، 11-ئايەت}.

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشقىلارنىڭ ياردىمى ۋە كېپىللىكى بىلەن ھەمىشە مەسچىتتىن چىقماي تائەت-ئىبادەت قىلىدىغان تەۋەككۇلچىلەرنى مەسچىتتىن قوغلاپ چىقىرىپ ئۇلارغا: " ئاسمان سىلەرگە ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنى يېغىپ بەرمەيدۇ'' دېگەن مەشھۇر سۆزنى قىلغانىدى ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: **" ئەگەر سىلەر**

**ئاللاھقا ھەقىقىي تۈردە تەۋەككۇل قىلغان بولساڭلار، ئاللاھ تائالا ئەتىگىنى ئۇۋىسىدىن ئاچ چىقىپ، قورسىقىنى تويغۇزۇپ كەچتە ئۇۋىسىغا قايتقان ئۇچار قۇشلارغا رىزىق بەرگەندەك سىلەرگىمۇ رىزىق ئاتا قىلغان بولاتتى**" دېگەن ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا مېھنەتنى كەسىپ قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

## ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمان ئاياللار مەسىلىسى

### بىرىنچى، ئىسلام دىنى ئاياللارغا زۇلۇم قىلامدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى يەردە قويامدۇ؟

1. جاھىلىيەت دەۋرىدە، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. ئۇلار قانۇنىي ھوقۇقلاردىن مەھرۇم قىلىنىپ، ھۆرمەت-ئېھتىرامدىن يىراق ئىدى. ئىسلام دىنى روناق تاپقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرى كۈنسېرى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى، ئۇلار ھۆرمەتكە مۇشەررەپ بولۇپ، ئىلگىرى كۆرگەن خىلمۇ-خىل زۇلۇم-مۇشەققەتلەردىن پۈتۈنلەي ئادا-جۇدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى بارغانسېرى كۆتۈرۈلدى. ئەينى ۋاقىتتا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىن چىقىرىلىشىغا ھەۋۋا ئانىنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىدىن ئىبارەت بىمەنە تۆھمەت-ئاھانەتلەر يوققا چىقىرىلىپ، بۇ ئىش لەنىتى شەيتاننىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئېزىقتۇرغانلىقى بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: **"شەيتان ئۇ ئىككىسىنى تېيىلدۇردى (يەنى مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈپ خاتالاشتۇردى)، تۇرۇۋاتقان جەننەتتىن چىقاردى"** {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 36-ئايەت}.

2. ئىسلام دىنى جىمى ئىنسان، مەيلى ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھەممىسى بىر مەنبەدىن يارىتىلغان دەپ تەكىتلەيدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: **" ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار"** {سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 1-ئايەت}. ئەر بىلەن ئايال ئىنسانىيلىقتا تامامەن باراۋەردۇر، بۇ جەھەتتە ھەر ئىككىلىسى بىر-بىرىدىن ئالاھىدە ئەمەس، «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: **"شەك-شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق"** {سۈرە «ئىسرا» (17-سۈرە)، 70-ئايەت}. بۇ ئايەتتە زىكىر قىلىنغان **"ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق"** دېگەنلىك ئەر بىلەن ئايال ھەر ئىككىسىنى ئورتاق ھۆرمەتلىك قىلدۇق دېگەنلىك بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ئىنسان ياكى ئادەم بالىلىرىنى تىلغا ئېلىپ خىتاب قىلغاندا، ئادەتتە ئەر بىلەن ئايالنى ئورتاق مەقسەت قىلىپ خىتاب قىلىدۇ، ئەمما ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئىككىسىنىڭ بىرى ئۈستىدە خىتاب قىلغاندا بولسا "ئەرلەر" ياكى "ئاياللار" دەپ ئايرىم-ئايرىم بايان قىلىدۇ.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى تەسۋىرلىگەندە، ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئىنسانىيلىقتا باراۋەر بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار دېگەندىمۇ، پەقەت قىلغان ئەمەل-ئىبادىتىنىڭ كۆپ-ئازلىقى بىلەن نامايان بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كەلگەن. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە دېيىلگەندەك: **"ئەر-ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەللىرىنىمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز"** {سۈرە «نەھل» (16-سۈرە)، 97-ئايەت}. ئاللاھ تائالا ئەرلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغانغا ئوخشاش ئاياللارنىڭ دۇئاسىنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقارمايدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: **" ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى: ' مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان**

**ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر-بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن'** " {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 195-ئايەت}. بۇ ئايەتتىكى "**سىلەر بىر-بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن**" دېگەن قۇرئانىي تەبىر ئەر بىلەن ئايال ھەر ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، روشەنكى، ھاياتقا پەقەت ئەر بىلەن ئايالدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ ئورتاق داخىل بولۇپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىلا ئاندىن ئۇ ھايات ئۆز يۆنىلىشىدە داۋاملىشىدۇ.

4. «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»دە بايان قىلىنغان يۇقىرىقى پرىنسىپلاردىن كېيىنمۇ ئىسلام دىنىنى ئاياللارغا زۇلۇم قىلىدىغان دىن دەپ قارىلاش زادىلا ئەقىلغە سىغمايدىغان بىمەنە سەپسەتىدىن ئىبارەت. بىز ھەقتە تۇرۇپ شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ قورساقلىق تەلىماتلىرى بىلەن، بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياللارغا قاراتقان يامان ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە ناچار قىلىقلىرى زورمۇ-زور ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن، ئىسلامىي مەيداندا تۇرۇپ سۆزلەيدىغان بولساق، بىز بۇ ئىككى خىل ھالەتنى ئەسلى تامامەن پەرقلەندۈرۈپ تۇرۇشىمىز كېرەك ئىدى، ئىسلام ئەللىرىنىڭ بەزى جايلىرىدا سادىر بولۇۋاتقان ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدەك ئىللەتلەرگە شۇ جايدىكى جاھالەتلىك، نادانلىق بىۋاستە سەۋەب بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىسلام دىنى بىگۇناھتۇر.

### ئىككىنچى، ئايال كىشى مەڭگۈ ئەر كىشىنىڭ ئىدارە قىلىشىدا تۇرۇشى كېرەكمۇ؟

1. ئىسلام دىنى ئىقتىساد جەھەتتە ئايال كىشىگە ئەردىن پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقىنى بەرگەن، ئايال كىشى ئۆز ئىلكىدىكى مال-مۈلۈكنى مۇتلەق ئەركىنلىك بىلەن تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، ئۇ ئۆزىنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز ئېلىم-سېتىم، سوۋغات ۋە سودا-تىجارەت، مەبلەغ سېلىش قاتارلىق تەرەپلەردە ئىشلەتسە ئىسلام دىنى روھىغا مۇخالىپ بولمايدۇ. ئايال كىشىنىڭ مال-مۈلۈكلىرىگە ھەتتا ئۆزىنىڭ ئېرى ياكى ئەر بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىمۇ ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ خالىغانچە چېقىلالمايدۇ.

2. ئىسلام شەرىئىتىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، قىزنىڭ ئەر بىر تۇغقان قېرىندىشى ياكى ئاتىسى، توي ئىشلىرىدا قىزنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ ئۇنى ئەرگە زورمۇ-زور ياتلىققا بېرەلمەيدۇ، ئىسلام دىنىدا ئۆيلىنىش ئىشلىرى پەقەت قىزنىڭ ماقۇللۇقى ۋە رازىلىقى شەرتى ئاستىدىلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. «ھەدىس شەرىف»دە رىۋايەت قىلىنىشىچە، خەنسا ئىسىملىك بىر چوكان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا، دادىسىنىڭ ئۇنى بىر نەۋرە تۇغقىنىغا ياتلىق قىلىپ قويغانلىقىنى، دادىسى پەقەت ئۆزىنىڭ ئابرويىنى كۆزلەپلا شۇنداق قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بولسا بۇ توي ئىشىغا رازى ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشتىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دادىسىنى چاقىرتىدۇ ۋە بۇ چوكانغا ئۆزى خالىغىنىنى تاللاش ئەركىنلىكىنى بېرىدۇ، يەنى بۇ تويلۇقنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش ئىشىدا ئۆزى قارار قىلىش ھوقۇقىنى بېرىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ چوكان ئۆزىنىڭ بۇ نىكاھقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئاتىلارنىڭ توي ئىشلىرىدا قىزلىرىنى مەجبۇرلىماسلىقلىرىنى ئايال مۇسۇلمانلارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن ساڭا شۇنداق دەپ ئەرز قىلىپ كەلگەنىدىم، دەيدۇ (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). مەلۇمكى، قىزلارنىڭ توي ئىشلىرىغا ئاتا-ئانىلارنىڭ مەجبۇرلىشى جائىز بولمايدۇ.

3. ئايال كىشى ئائىلىدە ۋە پەرزەنت تەربىيىلەشتە ئەر كىشىگە ھەمشېرىكدۇر، ئائىلە تۇرمۇشى ئەر-ئايال ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق ھەمكارلىشىشى شەرتى ئاستىدىلا ئاندىن

ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق نامايان قىلالايدۇ، ئەكسىچە بولغاندا، ئائىلە تۇرمۇشى ئۆزىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، پەرزەنتلەرنىڭ ساغلام تەربىيە كۆرۈشىگىمۇ بىۋاسىتە ئەكسى تەسىر كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەر-ئايال ھەرئىككىلىسىنىڭ ئۈستىگە مەسئۇلىيەتنىڭ يۈكلەنگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: "سىلەر ھەممىڭلار خۇددى چوپانغا ئوخشاش مەسئۇلىيەت ئىگىسىلەر، ھەربىر ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىگە مەسئۇلدۇر، ئىمام ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىگە مەسئۇلدۇر، ئەر كىشى ئائىلىسىگە مەسئۇلدۇر، ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىگە مەسئۇلدۇر، ئۇ ئۆي ئىشلىرىدىكى مەسئۇلىيىتىدىن سورىلىدۇ" (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىقى ھەدىستە بايان قىلىنغان ئايال كىشىگە بېرىلگەن مەسئۇلىيەتتىن ئۇنىڭ مەڭگۇ ئەر كىشىنىڭ ئىدارە قىلىشىدا تۇرۇشىنىڭ مۇتلەق ئىنكار قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، دېمەك، مەسئۇلىيەت پەقەت ئەركىنلىك بولۇش شەرتى ئاستىدىلا ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ.

**ئۈچىنچى، نېمە ئۈچۈن ئايال كىشىنىڭ مىراستىكى نېسىۋىسى ئەردىن ئاز بولىدۇ؟**

1. جاھىلىيەت دەۋرىدە ئايال كىشى مىراس ھوقۇقىدىن تامامەن مەھرۇم قىلىنغانىدى، ئەرەبلەر ئەينى ۋاقىتتا پەقەت ئەرلەرلا مىراسقا ئېرىشىشكە لايىق دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئىسلام دىنى مىراس مەسىلىسىدە ئاياللارغا بەلگىلىك ھوقۇقنى بەرگەنىدى. ئىسلام دىنى كۆپ ھاللاردا ئەرلەرگە بېرىلىدىغان مىراسنى ئاياللاردىن بىر ھەسسە ئارتۇق قىلىپ بېكىتىدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "**ئاللاھ باللىرىڭلار(غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ**" {سۈرە«نىسا» (4-سۈرە)، 11-ئايەت}. ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن مىراس تۈزۈمى توغرىسىدا بەزىلەر بەلكىم ئاياللارنىڭ شان-شەرىپى ۋە كىشىلىك ھوقۇقى زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىدى دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاياللار ئىسلام دىنىدا تولۇق ھۆرمەت-ئېھتىرامغا مۇشەررەپ بولدى. ئەر بىلەن ئايالنىڭ مىراس جەھەتتىكى بۇ خىل پەرقى ئىككىسىنىڭ ئىنسانىيلىق مەقامىغا ۋە شان-شەرىپىگە ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. ئۇ پەقەت ھەر بىرىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتكە قاراپ پەرقلىنىدۇ.

2. ئىسلامنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ئەر كىشى ئۆز ئايالىغا ۋە پەرزەنتلىرىگە نەپىقە ئاجرىتىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئايال كىشىنىڭ ئۆزىدىن باشقىسىغا نەپىقە ئايرىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى تەلەپ قىلىنمايدۇ. ئەر بىلەن ئايالغا تېگىدىغان مىراسنى ئاددى ئۇسۇلدا ھېسابلاپ كۆرىدىغان بولساق، شۇنى ئېنىق بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، گەرچە ئايال كىشىگە تېگىدىغان مىراس ئەر كىشىنىڭ نېسىۋىسىنىڭ يېرىمىگە باراۋەر كەلسىمۇ، ئايال كىشىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى يەنىلا ئەر كىشىنىڭكىدىن ياخشى بولىدۇ. شەرىئەت بەلگىلىمىسى بويىچە، ئەر كىشى ئۆزىگە تەگكەن مىراسنى ئايالى، پەرزەنتلىرى ۋە رىزىق تەلەپ قىلىش شارائىتىدىن مەھرۇم قالغان ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن سەرپ قىلىشى كېرەك. يەنى، ئەر كىشىگە تەگكەن مىراس نېسىۋىسى ھەر خىل خىراجەتلەر تۈپەيلى داۋاملىق كېمىيىپ ماڭىدۇ. ھالبۇكى، ئايال كىشىگە ئۆزىدىن باشقىسىغا نەپىقە قىلىش مەجبۇرىيىتى ساقىت قىلىنغان، ئۇ ئۆزىگە تەگكەن مىراسنى ئېرىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپلا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، ئائىلىسى ۋە پەرزەنتلىرى ئۈچۈن نەپىقە چىقىرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، بۇ پەقەت ئەرلەرگىلا خاس بولغان مەجبۇرىيەتتۇر. ئايال كىشى ھەر قانچە باي بولغان تەقدىردىمۇ ئەر كىشى يەنىلا ئايال كىشىگە نەپىقە قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئورۇندىشى لازىم. شۇڭا، ئايال

كىشىگە تەگكەن مىراس كېمىيىپ كېتىشىنىڭ ئورنىغا داۋاملىق ئېشىپ بارىدۇ، بۇنىڭدىن روشەنكى، مىراس ئىشلىرىدا ئايال كىشى زۇلۇمغا قېپقېلىشىنىڭ ئورنىغا، تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەتكە مۇيەسسەر بولىدۇ.

3. ئەر بىلەن ئايالغا تېگىدىغان مىراسنىڭ مىقدارى ئوخشاش بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە شەرىئەتتە ئېنىق بەلگىلىمىلەر بار بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» سۈرە «نىسا»نىڭ 12-ئايىتىدە ئۇنىڭ تەپسىلاتى بايان قىلىنغان. يەنى ئەگەر مەلۇم بىر ئەر كىشى ياكى ئايال كىشى ۋاپات بولۇپ، ئەر ياكى ئايال كىشىنىڭ دادىسى ياكى پەرزەنتى(ئوغۇل ياكى قىز پەرزەنت) بولماي قالسا، ئەمما بۇ ئەر كىشى ياكى ئايال كىشىنىڭ ئانا تەرەپتىن بىر تۇغقان ئوغۇل ياكى قىز قېرىنداشلىرى بولسا، ئۇ ھالدا ئوغۇل بىلەن قىز قېرىنداشلىرىغا تېگىدىغان مىراس ئوخشاش بولىدۇ. شۇنداقلا، ئەر كىشىنىڭ ئايالى ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭدىن ياكى ئىلگىرىكى ئېرىدىن بىر قىزى قالغان بولسا، بۇ قىزغا ئەر كىشىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق مىراس تېگىدۇ. دېمەك، مىراس مەسىلىسى «قۇرئان كەرىم»دە ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان بولۇپ، ھەر بىر ئائىلىدە مىراس ئۈچۈن بولۇپ تۇرىدىغان ھەر خىل ئىختىلاپلارغا قارىتا بېرىلگەن ھۆكۈملەر مۇپەسسەل كۆرسىتىلگەن.

**تۆتىنچى، ئىسلام دىنى ئايال كىشىنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشى ۋە خىزمەت قىلىشىغا قانداق قارايدۇ؟**

1. ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشىنى توسمايدۇ، ئەكسىچە، ئىلىم تەھسىل قىلىشنى پەرز ئۇستۈنلۈكدە قارايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**ئىلىم تەھسىل قىلىش ھەر بىر ئەر-ئايال مۇسۇلمانغا پەرزدۇر**" (ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان) دېگەن. ئىسلام تارىخى بىزگە ئىسلام ئىلىملىرى، ئەرەب ئەدەبىياتى ۋە شېئىرىيەتتە داڭ چىقارغان بىرمۇنچىلىغان ئايال مۇسۇلمانلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئۆيلەنگەندىن كېيىن(ھەفسە ئەرەب تىلىنىڭ يېزىقى ۋە ئوقۇلۇش قائىدىلىرىنى ئۆگەنگەندى)، شەفائ ئەل-ئەدەۋىيە ئىسىملىك بىر ئايال كىشىنى تەكلىپ قىلىپ، ھەفسەگە خەتتاتلىقنى ئۆگەتكۈزگەنكەن. ئەينى ۋاقىتتا ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىنىي ئىلىملەردە تولغان بۈيۈك ئۆلىما بولۇپ، ساھابىي كىراملار ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئىلىم-بىلىمگە ناھايىتى قول قوياتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەخسەن ئۆزىمۇ ساھابىلىرىگە: "**سىلەر دىنىي ئىلىملەرنى ئائىشەدىن ئېلىڭلار**"، دەپ تەۋسىيە قىلغانىدى.

2. ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنى توسمايدۇ، بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئىنسانىيلىق ھوقۇقىدۇر، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارى ۋە سەۋىيىسىگە قاراپ مۇۋاپىق خىزمەتنى تاللاش ئىختىيارلىقىغا ئىگە. دىنىي بەلگىلىمىلەرنىڭ ئىچىدە ئاياللارنىڭ ئىلىم-بىلىم ئۆگىنىش ۋە خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىنى چەكلىگەنلىكى ھەققىدە مەزمۇنلار بايان قىلىنمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئاياللار شۇ ۋاقىتتىكى ئېھتىياجلارغا قاراپ، غازاتلاردا ئارقا سەپتە بولۇپ مۇسۇلمانلارغا ياردەملەشكەن، ئۇرۇشتا يارىلانغانلارنى داۋالىغان، ۋەھاكازا.

3. بۇ يەردە شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ئەرزىيدۇكى، بىز چوقۇم ئىسلامنىڭ ئاياللارنى ئىززەتلەيدىغانلىقى ۋە قوغدايدىغانلىقى ھەققىدىكى تەلىماتلىرىنى ئىسلام ئەللىرىنىڭ بەزى رايونلىرىدا بولۇۋاتقان ئاياللارنى پەس كۆرۈش، ئۇلارنى ئىلىم-بىلىم ئۆگىنىش ۋە خىزمەت قىلىشتىن توسۇشتەك تەقلىدىي ئادەتلەردىن پۈتۈنلەي ئايرىپ قارىشىمىز لازىم، چۈنكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ تۈردىكى ئۆرپ-ئادەتلىرى ئىسلام جۈملىسىدىن ئەمەس. ئىسلام دىنى ئاياللارنى ھۆرمەتلىك قىلدى، شۇڭا، ئۇ، ئۇلارنى يۈكسەلدۈرۈشكە ناھايىتى

ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىسلام دىنى: ئاياللار پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيىلەپ ئۇلارنى كېلەچەكتە جەمئىيەتكە تېخىمۇ پايدىلىق ئىزباسارلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىقتىدارلىق، سەۋىيىلىك بولۇشى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارايدۇ.

**بەشىنچى، ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئەمەلدار بولۇشىغا قانداق قارايدۇ؟**

1. ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئەمەلدار بولۇشىنى توسمايدۇ، ئايال كىشى ئۆزىنىڭ تەجرىبىسى، ئىقتىدارى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە قاراپ، ئۆزىگە مۇناسىپ بولغان ئورۇنلاردا ھوقۇق تۇتسا بولىدۇ. فەقىھ-ئۆلىمالار ئايال كىشىنىڭ ئومۇمىي خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئەمەلدار بولۇپ مەنسەپ تۇتۇشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "ئايال كىشىنى ئۆزلىرىگە ئەمەلدار قىلغان خەلق مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ" (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان) دېگەن ھەدىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن جائىز ئەمەس دەپ بېكىتكەندى. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىسنى مۇئەييەن شارائىتقا قاراپ دېگەن بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئىرانلىقلارنىڭ ئۆزلىرىگە كىسرانىڭ قىزىنى پادىشاھ قىلىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شۇنداق دېگەنىدى. فەقىھ-ئۆلىمالار بولسا بۇ ھەدىستىن ئاساس چىقىرىپ، ئايال كىشى ھوقۇق تۇتۇپ ئەر كىشىلەرنى باشقۇرسا بولمايدۇ، يەنى ئايال كىشى دۆلەتنىڭ رەئىسى ياكى خەلىپىسى بولۇشقا لايىق ئەمەس، دېگەن ھۆكۈمنى مەيدانغا ئېلىپ كەلگەنىدى. ئەمما بىزنىڭ زېھنىمىزدە شۇنداق بىر نەرسە ئېنىق بولۇشى كېرەككى، «قۇرئان كەرىم» سەبەئنىڭ ئايال پادىشاھىنىڭ قىسسىسىنى زىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ ئىشلارنى ئەپچىل بىر تەرەپ قىلالايدىغان بۈيۈك ماھارىتى ۋە تەجرىبىسىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. بۇنىڭدىن روشەنكى، «قۇرئان كەرىم» ئايال كىشىنىڭ ئىقتىدارى ۋە سىلىق-سىپايە مۇئامىلە-تەسەررۇپاتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ۋە تەقدىرلەيدۇ.

2. ئىسلامىيەتنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئىسلام ئۆلىمالىرى ئاياللارغا تەرەققىپەرۋەرلىك نەزەر بىلەن قارىغانىدى. مەسىلەن، ئىمام ئىبنى ھەزىم ئۆز ۋاقتىدا ئاياللارنىڭ ھوقۇق تۇتۇشىغا ئىلمىي مەيداندا تۇرۇپ جائىز كۆرگەن، ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەمۇ بۇ جەھەتتە ئىمام ئىبنى ھەزەمگە ئوخشاش قاراشتا بولغان، ئىمام ئىبنى جەرىر بولسا ئايال كىشىنىڭ ئەر كىشى قىلىشقا تېگىشلىك بولغان قازىلىق خىزمىتىگە تەيىنلىنىشىگىمۇ ئىجازەت بەرگەنىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ۋاقتىدا ئابدۇللاھ ئەل-مەخزۇمىيەنىڭ قىزى شەفائىنى مەدىنىدىكى بازارنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەنىكەن، بۇ خىزمەت ھەم دىنىي ھەم مەدەنىي تۈسكە ئىگە بولغان مۇھىم بىر خىزمەت بولۇپ، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغان كىشىدە مول تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە مۇستەھكەم ئىرادىنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىناتتى.

3. مادامىكى، ئىسلام دىنى ئايال كىشىنىڭ دۆلەتتە يۇقىرى مەنسەپنى تۇتۇشىنى توسىمىغانىكەن، ئايال كىشى ئۆي ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەسئۇلىيەتلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم. ئائىلە جەمئىيەتنى بىنا قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسى، ئائىلە قۇرۇلۇشىنىڭ ناچار بولۇشى جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا مەلۇم دەرىجىدە شارائىت يارىتىدۇ. شۇڭا، ئايال كىشى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئۆي ئىچى ۋە سىرتىدىكى خىزمىتى ۋە مەسئۇلىيەتلىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالىشى لازىم. (داۋامى بار)

(تەرجىمە قىلغۇچى: ئادىل ھاجى كېرەم؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# شەيتاننىڭ ئادەمگە بولغان ئاداۋىتى ۋە ئادەم بالىلىرىنى ئازدۇرۇشى توغرىسىدا

سادىق قارىم

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

(1) ئىبلىس شەيتاننىڭ ئۆز ئاداۋىتىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ يەر شارىدىكى ئادەم بالىلىرىغىچىلىك كېڭەيتكەنلىكى توغرىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: 'ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار' دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى. ئىبلىس: 'سەن لايدىن ياراتقانغا سەجدە قىلامدىمەن؟' دېدى. ئىبلىس: 'ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، سەن مەندىن ئۈستۈن قىلغان ئادەم مۇشۇمۇ؟ ئەگەر ماڭا قىيامەتكىچە مۆھلەت بېرىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنى (ئازدۇرۇپ) تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىمەن (يەنى ئۇلارنى خالىغانچە يېتىلەيمەن)' دېدى. ئاللاھ (ئىبلىسقا) ئېيتتى: 'بارغىن (ساڭا مۆھلەت بەردىم)، ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بالىلىرىدىن) كىمكى ساڭا ئەگەشسە، (جەھەننەم ساڭا ۋە ئۇلارغا) بېرىلگەن تولۇق جازادۇر"** {سۈرە «بەنى ئىسرائىل» (17- سۈرە)، 61-62-63-ئايەت}. بۇ ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغاندا ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلغانلىقى، ئىبلىس بولسا، سەجدە قىلماي ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ تەكەببۇرلۇق قىلىپ، بۇنداق قىلىش ئۇلارنى مەندىن ئەۋزەل قىلغانلىق دەپ، كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ ئاللاھ تائالاغا ئۆزىنىڭ ياشاش ۋاقتىنى ئىنسانلار قايتا تىرىلدىغان ۋاقىتقىچىلىك ئۇزارتىپ بېرىش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلغانلىقى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا شۇ ۋاقىتقىچىلىك ياشاش پۇرسىتى بەرگەنلىكى، شەيتان شۇ پۇرسەت ئارقىلىق ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئادەم بالىلىرىنى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن ئاسىي بولۇشقا يۈزلەندۈرىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ شەيتان ۋە شەيتاننىڭ كەينىگە كىرگەنلەرنى شەيتان بىلەن قېتىپ جازالايدىغانلىقى بايان قىلىنغان. مانا بۇ شەيتاننىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئادەم بالىلىرى بىلەن بولغان ئاداۋىتىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(2) شەيتاننىڭ بىرىنچى قەدەمدە ئاداۋىتىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلىغانلىقى توغرىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا- ئاناڭلارنى (ئازدۇرۇپ) جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك سىلەرنىمۇ ئازدۇرمىسۇن"** {سۈرە «ئەئراف» (7-سۈرە)، 27-ئايەت}. ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئانىمىز ھەۋۋانى جەننەتتە ياشاش ئۈچۈن جەننەتتە بىرخىل دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن باشقا مېۋىلەرنى يېيىشنى كۆرسەتكەن. بىراق شەيتان بۇ ئىككىيلەننى چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشكە قۇترىتىپ، ئۇلارنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان. دېمەك، شەيتان ئاداۋىتىنىڭ 1- قەدىمىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلىغان. شۇڭا، ئاللاھ تائالا: **"شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا-ئاناڭلارنى ئازدۇرغاندەك سىلەرنىمۇ ئازدۇرمىسۇن"** دەپ شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلىنىشىمىزنىڭ لازىملىقىنى كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەيتاننىڭ ئادەم بالىلىرىنى ئازدۇرۇشتىكى ئىگىلىگەن ئورنىنى تونۇشتۇرۇپ : **''ھەقىقەتەن شەيتان ئادەم**

**بالىلىرىنىڭ قان تومۇرىدا ماڭىدۇ"** دېگەن (بۇ ھەدىسنى سەھىھ مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىستە شەيتاننىڭ ئادەم بالىلىرىنى ئازدۇرۇشتا قان تومۇر ئارقىلىق ئىبادەتكە سۇسلىشىدىغان، شەرىئەت چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىشقا قىزىقتۇرىدىغان، باشقىلارنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلمايدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندۇرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. شۇڭا شەرىئەت چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىپ گۇناھكار بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

(3) شەيتاننىڭ ئادەم بالىلىرىنى ھارام يېمەكلىك ئارقىلىق ئازدۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال-پاكىز نەرسىلەرنى يەڭلار. شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر"** {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 168- ئايەت}. ئاللاھ تائالا زېمىندا ئىنسانلارغا نۇرغۇن يېمەكلىكلەرنى يارىتىپ بەردى، لېكىن ئىنسانلار ئۇلارنى يېيىشتىن ئىلگىرى چوقۇم ئۇلارنىڭ ھالال، پاكىزلىرىنى تېپىپ يېيىشى، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، ھارام قىلىنغانلىرىنى يېيىشتىن ئۆزىنى تارتىشى لازىم.

(4) شەيتاننىڭ ئىنسانلار ئارىسىغا ھاراق-قىمار ئارقىلىق ئاداۋەت سالىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **" شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ،سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانمامسىلەر؟ "** {سۈرە«مائىدە» (5-سۈرە)، 91- ئايەت}. بۇ ئايەتتە، شەيتاننىڭ ئىنسانلار ئارىسىغا ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاداۋەت سېلىپ، ئۇلارنى ئۆزئارا دۈشمەنلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا قىلىدىغان تائەت-ئىبادەتلەردىن توسۇپ، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىدەك رەزىل قىلمىشى بايان قىلىنغان.

ھاراق بىلەن قىمار تىلغا ئېلىنىسلا، ئۇلارنىڭ ئىنسانلارغا بولغان زىيىنىنى ۋە جەمئىيەتكە بولغان تەسىرىنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق. ئەپسۇسكى، بىرقىسىم كىشىلەر ئۇلارنىڭ زىيانلىق تەرىپىگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمەي، شۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

(5) شەيتاننىڭ ئىناق ئائىلىگە ئاداۋەت سالىدىغانلىقى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئىبلىس شەيتان خالايىقلار ئارىسىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىش ئۈچۈن ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى مەلۇم قىلىدۇ. بىرى: 'مەن ماۋۇ ئىشنى قىلدىم' دېسە، يەنە بىرى: 'مەن ئاۋۇ ئىشنى قىلدىم' دەيدۇ. ئىبلىس شەيتان ئۇلاردىن رازى بولماي تۇرغاندا ئاخىرىدا بىرسى كېلىپ: 'مەن بىر ئىناق ئەر-ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاداۋەت سېلىپ ئاجرىشىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدۇم' دېسە، شەيتان: 'سەن ياخشى قىپسەن' دەپ ئۇنى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدا مۇكاپاتلاشقا لايىق كۆرىدۇ"** (بۇ ھەدىسنى سەھىھ مۇسلىم جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان). مانا بۇ ھەدىستىن، شەيتاننىڭ ئاداۋەت ئۇرۇقىنى ئىناق ئەر-ئاياللارغىچە چېچىپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشى، ئىبادەت قىلىشى، ئىناق ئائىلە قۇرۇپ بەختلىك ياشىشى ئۈچۈن بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلىقىدەك يامان قىلمىشىنى كۆرۈۋالالايمىز.

(6) شەيتاننىڭ ئادەم بالىلىرىنى يامان سۆز، يامان ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئازدۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"ئى مۆئمىنلەر! شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار، كىمكى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىدىكەن، شەيتان ئۇنى قەبىھ(سۆز-ھەرىكەتلەر)گە، يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ"** {سۈرە «نۇر» (24-سۈرە)، 21- ئايەت}. بۇ ئايەتتە شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، شەرىئەت چەكلىگەن قەبىھ سۆز، يامان

ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىق لازىملىقى بايان قىلىنغان. قەبىھ سۆزلەردىن ساقلىنىش توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشى ياخشى سۆزلەرنى قىلسۇن ياكى شۈك تۇرسۇن'' (بۇ ھەدىسنى سەھىھ مۇسلىم ئەبى ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان). «جامىئۇل ئۇسۇل»دا: '' قەبىھ سۆزلەرنى قىلىشتىن تىلنى ساقلاش پەرز ئەيىن'' دېيىلگەن. دېمەك، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ قەبىھ سۆزلەرنى قىلىشنى ئاللاھ تائالا چەكلىگەن.

(7) شەيتاننىڭ ئادەم باللىرىنى گۇناھقا ئىتتىرىپ، مەسئۇلىيەتنى ئادەم بالىلىرىغا ئارتىپ قويىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: '' **ئىش پۈتكەندە(يەنى ھېساب تۈگەپ، جەننەتلەر بىلەن دوزىخلار ئايرىلىپ بولغاندا)، شەيتان:'ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە(ئىتائەت قىلغۇچىنى مۇكاپاتلاش، ئاسىيلىق قىلغۇچىنى جازالاشتىن ئىبارەت) راست ۋەدىنى قىلغان ئىدى، (ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى). مەن سىلەرگە (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ساۋاب، جازا دېگەنلەر يوق، دەپ يالغان)ۋەدە قىلغان ئىدىم، (ۋەدەمگە)خىلاپلىق قىلدىم، سىلەرگە مېنىڭ (كۇفرىغا، گۇناھقا زورلىغۇدەك) ھۆكۈمرانلىقىم بولغىنى يوق، مەن سىلەرنى پەقەت (گۇمراھلىققا) دەۋەت قىلدىم، سىلەر (دەۋىتىمنى) قوبۇل قىلدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىمەڭلەر، ئۆزەڭلارنى ئەيىبلەڭلەر، مەن سىلەرگە ياردەم بېرىپ سىلەرنى قۇتقۇزالمايمەن، سىلەرمۇ ماڭا ياردەم بېرىپ مېنى قۇتقۇزالمايسىلەر، مەن سىلەرنىڭ بۇرۇن مېنى ئاللاھقا (ئىبادەتتە) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن، شۈبھىسىزكى، زالىملار چوقۇم ئازابقا قاتتىق دۇچار بولىدۇ،دەيدۇ''** {سۈرە «ئىبراھىم» (14-سۈرە)، 22-ئايەت}. مانا بۇ شەيتاننىڭ ئىنسانلارنى گۇناھقا ئىتتىرىپ، مەسئۇلىيەتنى گۇناھكارنىڭ ئۆزىگە ئارتىشى ھېسابلىنىدۇ.

(8) شەيتاننىڭ ئادەم باللىرىنى قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈتۈپ، ئازدۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: '' **كىمكى مېھرىبان ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن(يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز(شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ''** { سۈرە«زۇخرۇف» (43-سۈرە)، 36-ئايەت}. دېمەك، بۇ ئايەتتە ھەرقانداق ئادەم «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتكەن يولى بويىچە ماڭماي، توغرا يولدىن باش تارتىپ، شەيتاننىڭ يولىغا ماڭسا، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈسە، شەيتاننىڭ ئۇلارغا ئەگ يېقىن تۇرۇپ خاتا يولنى توغرا كۆرسىتىپ، ئۇلارنى توغرا يولدىن توسۇپ، ئادەم بالىلىرىغا بولغان ئاداۋەتنى جارى قىلدۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مانا بۇ ئايەت شەيتاننىڭ ئادەم باللىرىنى «قۇرئان كەرىم»دىن يۈز ئۆرۈتۈشى ھەم ئازدۇرۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىكى مەزمۇنلار شەيتاننىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئاداۋىتىنى ئادەم باللىرىغىچىلىك كېڭەيتىدىغانلىقىنىڭ روشەن دەلىلىدۇر. شەيتاننىڭ ئىنسانلارنى ئازدۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ئايەت- ھەدىسلەر بار. بۇرادەرلىرىمىز ھەرگىز شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئېزىپ كەتمەي، ساغلام ئەقلىمىز ئارقىلىق ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. سىلەرنىڭ دىنىي ئەمەللەرنى ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتكەن يولى بويىچە ئېلىپ بېرىپ، قانۇن-سىياسەتكە زىت كېلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىپ، ئەمەللىرىمىز دۇرۇس، تۇرمۇشىمىز خاتىرجەم، جەمئىيەت تەرتىپى مۇقىم بولغان ھالەتتە بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ھەر ئىككىلا ئالەمدە بەخت-سائادەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، شەيتاننىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن سالامەتلىك تىلەيمەن. ئامىن!

(ئاپتور: يەكەن ناھىيە چارەك بازار ئاۋات 18-كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# سەۋرچانلق توغرسدا

ئابدۇرەھمان ئسمائىل سەھرائى

بسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇركى: **"زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر-بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر"** {سۈرە«ئەسر» (103-سۈرە)، پۈتۈن قىسمى}

يۇقىرىقى ئايەتلەر بىزگە ھەقىقىي ئىماننىڭ ياخشى ئەمەللەردىن، بىر-بىرىگە ھەقىقەتنى سۆزلەپ تەشۋىق قىلىش، سەۋرچانلىق روھىنى پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق ۋەز-نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئەمەلىي ھەرىكەتلەردىن مۇستەسنا ھالدا مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنداقلا ئىمان ئېيتىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ئەمر-پەرمانلىرىنى جان دىل بىلەن ئىجرا قىلىش، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، سەۋرچان بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ئۆزى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان-زەخمەت، خار-زەبۇنلۇق ۋە بارلىق پاراكەندىچىلىكتىن قۇتۇلۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەقىقىي چىقىش يولى تېپىشى ۋە بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشىدىكى بىردىنبىر شەرت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خوش، ئۇنداق بولسا، سەۋرچانلىق دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى قايسىلار؟ بۇ ھەقتە مەيلى بۇرۇنقى تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى تەرەققى قىلمىغان ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئىنسانلار بولسۇن، ياكى بۈگۈنكىدەك تىرىكچىلىك ۋاسىتىلىرى زور دەرىجىدە تەرەققى قىلغان ئېلېكترون دەۋرىدىكى ئىنسانلار بولسۇن، ئۇلار ئاللاھ تائالا ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان ئەقىل-پاراسەت ۋە كۈچ قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى زېمىننى گۈللەندۈرۈپ، ئىدارە قىلغۇچى خەلىپە(يەنى ئورۇنباسار) قىلىپ ياراتقانلىقىدەك ھېكمىتى ئاساسىدا ھەر قايسى زامانلاردىكىلەر ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا، نوقۇل ياكى ئاگاھلىق ھالدا، تار ياكى ئەتراپلىق ھالدا ئۇزلۇكسىز ئىزدىنىپ كەلدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىش، ئالدىنقىلارنىڭ تەرەققىيات نەتىجىسىگە كېيىنكىلەر ۋارىسلىق قىلىش ۋە بۇ نەتىجىلەرنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈشتەك ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ھېكمەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، كۈچ ئۇلاپ ئىلگىرىلەشتەك زەنجىرسىمان تەرەققىيات يۈنىلىشى بويىچە بىز دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلار بۈگۈنكىدەك بىر قەدەر تەرەققى قىلغان شارائىتقا ئىگە بولدۇق.

ئاللاھ تائالا سەۋرچانلىق، كەڭ قورساقلىق، مۇلايىملىق، مېھرى- شەپقەت، غەيرەت- شىجائەت، ئىجادچانلىق، ئەپۇچانلىق، تەمكىنلىك قاتارلىق گۈزەل خىسلەتلەرنى ئىنسانلارغا

22

ئەزەلدىنلا تولۇق ئاتا قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپلىگەن ئىنسانلار بۇ خىل روھى خىسلەتلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن جانلاندۇرۇپ، ياخشى جارى قىلدۇرمىغانلىقتىن، بەزىلەر ھەسەتخورلۇق، نەپسانىيەتچىلىك، شەھۋەتپەرەسلىك، قورقۇنچاقلىق، ھۇرۇنلۇق قاتارلىق رەزىل ئىللەتلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى قاپلاپ كېتىشى نەتىجىسىدە تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن ياكى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان.

ئىنسان دۇنياغا كەلگەن ئىكەن، ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىدە ھەر خىل ئەگرى-توقايلىقلار ۋە دەھشەتلىك بوران-چاپقۇنلاردىن خالىي بولالمايدۇ، شۇنداقلا ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئالدىغا ئەجىر-مېھنەتسىزلا كېلىپ قالمايدۇ.

سىزنىڭ دۇنياغا كېلىشىڭىزگە سەۋەبچى بولغان، سىزنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشىڭىز ئۈچۈن جېنى ئاجىز بولسىمۇ تۇغۇتتىن ئىبارەت ھايات-ماماتلىق جەڭ مەيدانىغا كىرىشكە قىلچە ئىككىلەنمەي تەۋەككۈل قىلغان، دەھشەتلىك تولغاق ئازابىدا ئوتقا چۈشكەن قىل كەبى تولغىنىپ، سەكرات ئازابى چېكىۋاتقان ھالەتتىكىدەك ئاجىز ئىڭراپ، ئۆزىنىڭ ئەزىز جېنى خەۋپ ئىچىدە قېلىۋاتقان چاغلاردىمۇ سىزنىڭ تىنچ-ئامان دۇنياغا كېلىشىڭىزنى ئويلاشتىن ۋاز كەچمەي يەنىلا قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن سىزگە ئورۇن بەرگەن؛ سىز دۇنياغا كۆز ئاچقان چاغدىكى "بىر چىشلەم گۆش" ھالىتىڭىزدىن رەسمىي يېتىلگىچە بولغان ھالەتكىچە بىر ئۆمۈر سىزگە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئىللىق مېھرى بىلەن سىزنى ئۆستۈرگەن مېھرىبان ئانىڭىز تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتسە، چوقۇمكى قەلبىڭىزنى ئازاب ئوتلىرى چۇلغىۋالىدۇ.

سىز بارلىق مېھرىڭىزنى بېغىشلاپ زور ئۈمىد بىلەن تەربىيىلەۋاتقان ئوماق پەرزەنتىڭىز— ھاياتلىق دەرىخىڭىزنىڭ ئۈمىدلىك يۇمران نوتىسى تۇيۇقسىز نابۇت بولسا، ياكى بىرەر قېرىندىشىڭىز تۇيۇقسىز دۇنيادىن كېتىپ، ئۇنىڭ بىر قانچە سەبىي باللىرى ئۆزىنىڭ ھاياتلىق بېغىنى پەرۋىش قىلىدىغان، مۇھاپىزەت قىلىدىغان ھىمايىچىسىدىن ئايرىلىپ يېتىملىك كوچىسىدا بويۇن قىسىپ قېلىپ قالسا ئازابلانماي، قەلبىڭىز ئۆرتەنمەي، ئىختىيارسىز ياش تۆكمەي تۇرالمايسىز، ئەلۋەتتە!

ئىنسان قەلبىنىڭ مۇسىبەت پەيتىدە قايغۇغا چۆمۈشى، پىراق ئوتىدا ئۆرتىنىشى، دەرت-ئەلەمنىڭ غالىب كېلىشى تۈپەيلىدىن كۆزدىن ياش تۆكۈلۈشى تەبىئى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئىبراھىم ئىسىملىك ئوغلى سەكرات تارتىۋاتقان ھالەتتە تۇرغاندا، ساھابىلار بىلەن بىللە كىرىپ كەلدى ۋە: "ئەي ئىبراھىم! مەن سېنىڭ پىراقىڭدا غەمكىنمەن" دېدى ۋە مۇبارەك كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى. ساھابىلار بۇنى كۆرۈپ: "يا رەسۇلۇللاھ! ئۆزلىرى بىزنى سەۋرچان بولۇشقا ئۈندەپ تۇرۇپ، يىغلىغانلىرى نېمىسى؟" دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "كۆز دېگەن ياش تۆكىدىغان نەرسە، دىل دېگەن غەمكىن بولىدىغان نەرسە. بىز پەرۋەردىگارىمىز رازى بولىدىغان سۆزدىن باشقىنى سۆزلىمەيمىز" دېدى. («مىشكاتۇل مەسابىھ» ‹ئۆلگۈچىگە يىغلاش توغرىسىدا› دېگەن باب، 1-بۆلەك)

«مىشكاتۇل مەسابىھ» دېگەن كىتابتا يۇقىرىدا بىز سۆزلىگەن ھەدىسنىڭ ئارقىسىدىنلا كەلگەن يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياش تۆكۈش ۋە غەمكىن بولۇشنى بايان قىلىپ: "ئاللاھ تائالا كۆزنىڭ ياش تۆكۈشى ۋە دىلنىڭ غەمكىن بولۇشى بىلەن (بەندىنى) ئازابلىمايدۇ. لېكىن مۇشۇ نەرسە بىلەن ئازاب قىلىدۇ، يا، رەھىم قىلىدۇ، دەپ ئۆزىنىڭ تىلىغا ئىشارەت قىلغان".

ئەمما بەزىلەر پۇل مېلىغا ئاپەت تېگىش ياكى بىرەر يېقىن ئادىمى ئۆلۈپ كېتىش قاتارلىق مۇسىبەتلەرگە يولۇقسا نالە-زار قىلىپ، قالايمىقان جۆيلۈپ: "مەن قانداق قىلاي خۇدايىم! شۇنچە كۆپ كالىسى بار ئادەمنى كۆرمەي مەندەك بىر كالىسى بار ئادەمنى كۆردۈڭمۇ خۇدايىم! ،... شۇنچە كۆپ بالىسى بار ئادەمنى كۆرمەي مەندەك

بىرلا بالىسى بار ئادەمنى كۆردۇڭمۇ خۇدايىم؛ ...شۇنچە كۆپ بالىلىرىڭىزغا قارىماي تاشلاپ كەتتىڭىز دادام...! سەبىي بالىلىرىڭىزنىڭ كۆزىنى ياشلاپ كەتتىڭىز دادام! ”... دېگەندەك كۇفرى سۆزلەرنى قىلىپ ئاللاھدىن نارازى بولۇپ ئىمانىنى يوقىتىدۇ.

ئىسلام دىنىمىزدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىگە ئاساسلانغاندا، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئېرىنى ھۆرمەتلەش ۋە ئېرىگە بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن 4 ئاي 10 كۈن ئايالللىق زىننىتىنى نامايان قىلماسلىق؛ قايتا نىكاھلانماقچى بولسا يۇقىرىقى مۇددەت مىقدارى ئىددەت تۇتۇشتەك قايغۇ ئىزھار قىلىشقا بۇيرۇلغاندىن باشقا ھەرخىل شەكىل ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق مۇسىبەتكە قايغۇ ئېلان قىلىش يامان ئىش دەپ قارالغان.



ئاللاھ تائالانىڭ ئېغىر سىناقلىرىدىن ئۆتۈش-ئۆتەلمەسلىك ئىنساندا كۈچلۈك سەۋرى يەنى چىدامچانلىق روھىنىڭ بولۇش-بولماسلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇنداقلا شانلىق نەتىجە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش-كەلتۈرەلمەسلىكمۇ يۇقىرىقىدەك روھنىڭ بولۇش-بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈمنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق چۈشەنگەن كىشى دۇنيا ھاياتلىقىنىڭ ئىنسانغا مەڭگۈلۈك بولمايدىغانلىقىنى، بىرەر قېرىندىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئۆزىگىمۇ پات يېقىندا شۇ ئۆلۈمنىڭ كېلىدىغانلىقىنى، ئارتۇقچە زارلىنىشنىڭ ئۆلگۈچىنى ھاياتلىققا قايتۇرالمايدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ غەم-قايغۇسىنى كېمەيتەلمەيدىغانلىقى، ھەر قانچە ئاھ ئۇرۇپ، شىكايەت قىلسىمۇ ياراتقان ئىگىسى بىلەن تەڭ تۇرالمايدىغانلىقى، ھامان ئاللاھنىڭ ھۆكۈمى ھۆكۈم بولىدىغانلىقى، شۇڭا چىرايلىقچە سەۋرى قىلىش لازىملىقىنى چۈشىنىپ يېتىشى كېرەك.

”سەۋر“ دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى — چىدامچانلىق، بەرداشلىق، ئېگىلمەس-سۇنماس روھ دېگەندىن ئىبارەت. «دۇررەتۇننىاسىھىين» دېگەن كىتابتا رەسۇلۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان: **”سەۋرى دېگەن 3 تۈرلۈك بولىدۇ: 1) مۇسىبەتكە سەۋرى قىلىش؛ 2) تائەت-ئىبادەتكە سەۋرى قىلىش؛ 3) گۇناھ-مەئسىيەتكە سەۋرى قىلىش“.**

1) مۇسىبەتكە سەۋرى قىلىش — تۇيۇقسىز پۇل مېلىغا ئاپەت تېگىش، ھەرخىل چوڭ-كىچىك ھادىسىلەرگە ئۇچراش، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرى قاتارلىقلاردا قاتتىق ئاھ ئۇرۇپ، ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەي، ئاللاھنىڭ ھامان دۇنيادا ئۇنى كۈشادىلىككە چىقىرىدىغانلىقى، ئاخىرەتتە ئۆز رەھمىتى بىلەن جەننەتكە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت گۈزەل ئىستىقبالغا سەۋرچانلىق ۋە ئۈمىدۋارلىق روھى بىلەن ئىنتىلىش دېگەنلىكتۇر.

2) تائەت-ئىبادەتكە سەۋرى قىلىش — ئىنسان ئىبادەت قىلىشتا ھەرخىل قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. تومۇز-ئىسسىق كۈنلىرى روزا تۇتۇش، بەش ۋاخ نامازنى ۋاقتىدا رىئايە قىلىپ، تەئدىل ئەركان بىلەن، ئىخلاس بىلەن ئوقۇش، ئىسسىق يوتقان ۋە شېرىن ئۇيقۇدىن ۋاز كېچىپ تاڭدىن بۇرۇن ئورۇندىن تۇرۇش قاتارلىقلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچلۈك ئىرادە ۋە چىدامچانلىق روھى بولۇش دېگەنلىكتۇر.

3) گۇناھ-مەئسىيەتكە سەۋرى قىلىش — ئىنساننى ئاللاھقا ئاسىي بولۇشقا ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلەر ئىنساننى ھەر قانچە قىزىقتۇرسىمۇ سوغۇققانلىق بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، ھەرگىزمۇ نەپسى-خاھىشىنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ، ئاسانلا ئېزىپ كېتىپ ھالاكەت پاتقىقىغا پېتىپ قالماسلىق، ھەرقانداق زوراۋان كۈچ تەرىپىدىن، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىنىدىغان بىر ئىشقا مەجبۇرلانسىمۇ ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئېتىقاد مەيدانىدىن ۋاز كەچمەي تاقىتىنىڭ بارىچە سەۋرچانلىق ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش دېگەنلىكتۇر.

ھەممە ئادەم دېگۈدەك، داڭلىق كارخانىچىلار، مىليونېرلار، دۇنياغا تونۇلغان ئېدىسون،

مۇپاسسان، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق كەشپىياتچى، يازغۇچى ئالىملارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت سىرىنى بىلىشكە قىزىقىدۇ. ئۇلارنىڭ تارىخى تەرجىمىھالىنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت سىرى —پەقەت ئۇلاردا كۈچلۈك ۋاقىت كۆز قارىشى، ۋاقىتنى قەدىرلەش روھى بولۇش بىلەن بىللە، كۈچلۈك تىرىشچانلىق روھى ۋە قىيىنچىلىق ئىچىدىن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشتەك ئېگىلمەس سۇنماس چىدامچانلىق روھىنىڭ بولغانلىقىدۇر.

ئىسلام دىنىدىكى سەۋرى قىلىش دېگەنلىك كېسەللىككە گىرىپتار بولسا داۋالانماي ئولتۇرۇش، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىق-موھتاجلىقىمۇ سەۋرى- قانائەت قىلىپ ئولتۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس، قالاقلىق، بىلىمسىزلىكتىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلمەسلىك دېگەنلىك تېخىمۇ ئەمەس. بەلكى شۇ ئىشلاردىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەمەلى تىرىشچانلىق كۆرسىتىش جەريانىدا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارغا چىدامىلىق بولۇش، ھەققانىيەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش جەريانىدا چىدامىلىق بولۇش، قورقۇنچاقلىق ۋە بوشاڭلىق قىلماسلىق، ئەگەر مەلۇم ۋاقىت تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلمەي قالسا ئارتۇقچە زارلىنىپ، ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەي سەۋرچان بولۇپ، ئۈمىدۋارلىق بىلەن گۈزەل ئىستىقبالغا تەلپۈنۈش دېگەنلىكتۇر.

بىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ماددىي ۋە مەنىۋى نامراتلىقتىن تېخى ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلغىنىمىز يوق. بىز ئىسلام دىنىمىزنىڭ سەۋر- قانائەتچانلىق توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى تەتۈر چۈشىنىپ، ھازىرقى نامراتلىق، قالاقلىق، بىلىمسىزلىك ھالىتىمىزگە سەۋرى-قانائەت قىلىپ ئولتۇرىۋەرسەك، بۈگۈنكىدەك بىلىم ئىگىلىكى ۋە ئىقتىسادى ئىگىلىك ساھەسىدە كۈچلۈك رىقابەت بولۇۋاتقان، بىلىملىك-كۈچلۈكلەر تاللىنىدىغان، بىلىمسىز-ئىقتىدارسىزلار شاللىنىدىغان ۋەزىيەتتە ھەقىقىي ئىنساندەك ياشاش، دىنى ئىشلىرىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئىنسانلار ھاياتلىقىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئېھتىياجى بولغان قورساق تويغۇزۇشتىنمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ھەممىمىز ئىلىم- مەرىپەت ئىگىلەشكە دەرھال ئاتلىنايلى! ئۆمۈر چەكلىك، پۇرسەت غەنىيمەت! ئارسالدى بولۇپ تېڭىرقاپ يۈرمەيلى! ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان بارلىق ئىنسانلارنىڭ يەر شارىدىن ئىبارەت بىر چوڭ كېمە ئۈستىدە ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، بۇ "چوڭ كېمە"نىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشى دەل ئۆزىنىڭ تەقدىرى ئىكەنلىكىنى ئۇيلىشى، ئۆزىنىڭ قانداق رىقابەت ۋە تەھدىتكە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەي ئولتۇرماسلىقى، ئۆزىگە ئىقتىسادىي جەھەتتە، بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە ئىدىيە-ئەخلاق جەھەتتە، شۇنداقلا بەدەن ساپاسى جەھەتتە تار دائىرىلىك ئەمەس بەلكى خەلقئارالىق ئۆلچەم بويىچە تەلەپ قويۇپ، تىرىشىپ ئۆزىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۈستۈرۈپ كۈچلۈك تەھدىت ۋە خىرىسقا دۇچ كەلگەندە ئۇجۇقۇپ كەتمەي، ئۆزىنىڭ ئىمان- ئېتىقادىنى بىمالال ساقلىيالايدىغان، ئىسلام دىنىمىزغا شەرەپ كەلتۈرىدىغان كۈچلۈك مۇسۇلمانلاردىن بولۇشى لازىم. بۈگۈنكى دۇنيا بىلىم بىلەن قوراللانغان، تىرىشچانلىق ۋە چىدامچانلىق روھىغا ئىگە بولغان كۈچلۈكلەر غالىب ئورۇندا تۇرىدىغان دۇنيادۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە بىلىمسىز، ئاجىز، بوشاڭ بولغانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغىنى چوقۇم مەغلۇبىيەتتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ.

بىز بىردىنبىر ئىگىمىز ۋە يۆلەنچۈكىمىز بولغان ئاللاھ تائالادىن، ھەممىمىزگە كۈچلۈك چىدامچانلىق ۋە تەمكىنلىك روھى ئاتا قىلىپ، بىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە غالىب ئورۇندا تۇرىدىغان، بىزدىن ئۆزى رازى بولىدىغان، بىزمۇ ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالىدىغان بەختلىك بەندىلىرىدىن قىلىشىنى تىلەيمىز، ئامىن!

(ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزا 18-
كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# «قۇرئان كەرىم» دىكى
# كۆز، قۇلاق ھەققىدىكى ئاجايىپ بايانلار توغرىسىدا

مۇختەر ياقۇپ

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

«قۇرئان كەرىم»دە، مەيلى قايسى ئايەتتە بولمىسۇن ''ئاڭلاش'' سۆزى ''كۆرۈش'' سۆزىنىڭ ئالدىدا كەلگەن، ''ئاڭلاش'' سۆزى ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان ياسالما سۆزلەر«قۇرئان كەرىم»دە 227 قېتىم ئۇچرىسا، ''كۆرۈش'' سۆزى ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان سۆزلەر 148 قېتىم ئۇچرايدۇ؛ ''كۆز''، ''قۇلاق'' بايان قىلىنغان ئايەتلەردە ''قۇلاق'' سۆزى ''كۆز'' سۆزىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە نەزەر سالايلى:

**"(ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى)نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سۇئال-سوراق قىلىنىدۇ"** {سۈرە «بەنى ئىسرائىل» (17- سۈرە)، 36- ئايەت}.

**"سىلەر ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە يۈرەكلەرنى ياراتتى، سىلەر بەك ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر"**{سۈرە «سەجدە» ( 32-سۈرە)، 9- ئايەت} .

**"(...نېمەتلەرنى بەرگۈچى ئاللاھنى تونۇشى ئۈچۈن) ئۇلارغا قۇلاق، كۆز، قەلبلەرنى بەردۇق. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى، دىللىرى ئۇلاردىن (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلمىدى، ئۇلار مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارغا نازىل بولدى"**{سۈرە «ئەھقاف» (46-سۈرە)، 26 -ئايەت}.

**"(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، '...سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟...' "**{سۈرە «يۇنۇس» (10- سۈرە)، 31- ئايەت} .

**ئۇلار(ھەقنى) ئاڭلاشقا ۋە (ھەقنى) كۆرۈشكە قادىر بولالمايدۇ"**{سۈرە«ھۇد» (11- سۈرە)، 20- ئايەت}.

**"بىز (ئۇنى نازىل قىلغان ئايەتلىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرسۇن دەپ) ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق"** {سۈرە «ئىنسان»(76-سۈرە)، 2- ئايەت}.

**"ئۇلارنى (ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاس قىلدى، (ھىدايەت يولىنى كۆرۈشتىن) كور قىلدى"**{سۈرە «مۇھەممەد» (47- سۈرە)، 23- ئايەت}.

**"ئۇلار گاستۇر(يەنى گاس ئاڭلىمىغاندەك، ياخشىلىقنى ئاڭلىمايدۇ)، گاچىدۇر(يەنى گاچا سۆزلىيەلمىگەندەك، ياخشى ئىشنى سۆزلىيەلمەيدۇ)، كوردۇر(يەنى كور بولۇپ قالغاندەك،توغرا يولنى كۆرمەيدۇ)، شۇڭا ئۇلار (گۇمراھلىقتىن) قايتمايدۇ"**{سۈرە «بەقەرە» ( 2-سۈرە)، 18-ئايەت}.

**"ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز- نەسىھەت قىلىنسا، گاس، كور بولۇۋالمايدۇ"** {سۈرە «فۇرقان» (25-سۈرە)، 73-ئايەت}.

"ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ قۇلاقلىرى (قۇرئاننى ئاڭلاشتىن) ئېغىردۇر(يەنى قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ گويا قۇلاقلىرى ئېغىردۇر)، قۇرئان ئۇلارنىڭ (دىللىرىغا) كورلۇقتۇر (يەنى ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمەيدۇ)" {سۈرە «فۇسسىلەت» (41- سۈرە)، 44- ئايەت}.

"ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئۇلارنى ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن ئەلۋەتتە مەھرۇم قىلاتتى. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر" {سۈرە «بەقەرە» (2- سۈرە)، 20- ئايەت}.

"شۈبھىسىزكى، (نۇھنىڭ زامانىدا) چوڭ سۇ يامراپ كەتكەن چاغدا، سىلەرنى(يەنى ئەجدادىڭلارنى) بىز كېمىگە سالدۇق، سىلەرگە ئۇنى ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، تۇتۇۋالىدىغان قۇلاقلارنىڭ تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن(بىز شۇنداق قىلدۇق) " {سۈرە «ھاققە» (69- سۈرە)، 11-، 12-ئايەت}.

"(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، 'ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر ئاللاھ سىلەرنىڭ قۇلىقىڭلارنى گاس، كۆزۈڭلارنى كور قىلىپ قويسا، دىللىرىڭلارنى پېچەتلىۋەتسە(يەنى سىلەرنى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدىغان قىلىپ قويسا)، ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقا يەنە قايسى ئىلاھ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ' "{سۈرە «ئەنئام» (6- سۈرە)، 46- ئايەت}.

"ئەنە شۇ كىشىلەر ئاللاھ تەرىپىدىن دىللىرى، قۇلاقلىرى ۋە كۆزلىرى پېچەتلىۋېتىلگەن كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار غاپىللاردۇر"{سۈرە «نەھل» (16-سۈرە)، 108- ئايەت} .

"ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا كەلگەن كۈندە (قىيامەت كۈنىدە) قۇلاقلىرى تازا ئاڭلايدىغان، كۆزلىرى تازا كۆرىدىغان بولىدۇ، لېكىن زالىملار بۈگۈن(يەنى بۇ دۇنيادا) روشەن گۇمراھلىقتىدۇر"{سۈرە «مەريەم» (19- سۈرە)، 38- ئايەت}.

يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن ئايەتلەردىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئايەتلەردە"قۇلاق" سۆزى ھەم ئىنساننىڭ ئاڭلاش سېزىمى رەت جەھەتتە "كۆز" سۆزى ھەم كۆرۈش سېزىمىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. نېمە ئۈچۈن ھەممىنى بىلگۈچى بەرھەق ئاللاھ "قۇلاق" ۋە "ئاڭلاش" سېزىمىنى "كۆز" ۋە "كۆرۈش" سېزىمىنىڭ ئالدىدا بايان قىلىدۇ؟

بىز نەزىرىمىزنى ئىلىم -پەن ئالىملىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە، ئىلمىي پاكىتلارغا سېلىپ باقايلى:

تۆرەلمەشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە، ئىنساننىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ئەزالىرى بىرلا ۋاقىتتا تۆرۈلىدۇ، ھامىلە تۆرىلىپ ئۈچ ھەپتە بولغاندا قۇلاق ئاساسى تاختىسى يېتىلىدۇ. بۇ ئاڭلاش ئورگىنىنىڭ يېتىلىشىنىڭ باشلىنىشى. تۆت ھەپتە بولغاندا كۆزنىڭ ئاساسى تاختىسى يېتىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىچكى قۇلاق تەرەققىي قىلغان ھالغا كېلىدۇ. 4 ھەپتە بولغاندا قۇلاق قۇلۇلىسى يېتىلىشكە باشلاپ 8 ھەپتە بولغاندا مۇكەممەل ئاڭلاش ئويمىنى شەكىللىنىدۇ. 21 ھەپتە بولغاندا ھامىلىنىڭ قۇلاق قۇلۇلىسى قېتىشىپ بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاڭلاش تۈگىنىدىكى يۈگۈلمەچ قىسىم يېتىلىدۇ. 5 ئاي بولغاندا ھامىلىنىڭ ئىچكى قۇلاق قىسمى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالىغۇدەك دەرىجىگە بارىدۇ. تاشقى قۇلاق 10 ھەپتىدىن 20 ھەپتىگىچە بولغان ئارىلىقتا يېتىلىپ ئىچكى قۇلاققا تۇتىشىدۇ. قۇلاق سۆپرىسى 32- ھەپتىسى (ھامىلە 8 ئايلىق بولغاندا) ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

نېرۋا تالالىرى يېتىلىپ 10- ھەپتىگە بارغاندا ئاندىن ئۇنۇملۇك كۆرۈش نېرۋىلىرىنىڭ غىدىقلىنىشىنى ئۆتكۈزىدۇ. 25- ھەپتىگە بارغاندا نۇرلۇق پەردە يېتىلىدۇ، 26- ھەپتىسى بوۋاقنىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ.

دېمەك، ئىچكى قۇلاق 5 ئايدا تولۇق يېتىلىدۇ ھەم ئاڭلاش سەزگۈ نېرۋىلىرى غىدىقلىنىشىنى قوبۇل قىلالايدۇ. ئەمما، كۆز ئالمىسى بىلەن كۆرۈش پەردىسى (نۇرلۇق پەردە

7 ئايدا يېتىلىدۇ ھەم ئېچىلىدۇ. بىراق كۆز بالىياتقۇ ئىچىدە ھېچنەرسىنى كۆرەلمەيدۇ. ئەمما قۇلاق ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايدۇ. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ھامىلە ئانىسىنىڭ يۈرەك سوقۇشى، ئۈچەي ھەرىكەتلىرىنى ئاڭلىيالايدۇ. ھامىلىنىڭ ئاۋازلارنى ئاڭلىشىدا تۆرەلمە ئاڭلاش قىسمىدىكى ئۇششاق سۆڭەكلەر ھەم ئوتتۇرا، سىرتقى قۇلاققا تولغان باش سۇيۇقلۇقى مۇھىم رول ئوينايدۇ (ئاۋاز ئۆتكۈزۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ). بالىياتقۇ ئىچىدە ھامىلىنىڭ شەيئىلەرنى كۆرەلمەسلىكى بالىياتقۇ ئىچىنىڭ قاراڭغۇ بولۇشى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، يەنە بوۋاقنىڭ كۆرۈش پەردىسىنىڭ ھەم كۆرۈش نېرۋىلىرىنىڭ مۇكەممەل يېتىلمىگەنلىكى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بوۋاق يېڭى تۇغۇلۇپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، تېرە توقۇلمىلىرىدا، شۇنداقلا ئوتتۇرا ۋە تاشقى قۇلاقتا قېلىپ قالغان باش سۇيىنىڭ قالدۇقلىرىنى سىڭدۈرۈۋالىدۇ (قالدۇق باش سۇيۇقلۇقى ئاستا- ئاستا قۇرۇيدۇ). ئاندىن كېيىن بوۋاق ھاۋانىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئاۋازلارنى سەزگۈر ھالدا ئاڭلايدۇ.

ھەيران قالارلىق بىر ئىش شۇكى، پەقەت ئادەمدىن ئىبارەت بۇ جانلىقلار بالىياتقۇ ئىچىدە تۆرۈپمۇ ئاۋازنى ئاڭلىيالايدۇ. لېكىن، ھايۋانلار تۇغۇلۇپ مەلۇم كۈندىن كېيىن ئاندىن ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايدۇ.

ئىنسان تۆرىلىپ (ھامىلە) 4 ئايلىق بولغاندا ئاۋازلارنى ئاڭلىيالىسا، مۈشۈك بالىسى تۇغۇلۇپ 5-، 6- كۈنلىرى، توشقان بالىسى تۇغۇلۇپ 7- كۈنلىرى، ئىت كۈچۈكى تۇغۇلۇپ 10- كۈنلىرى، بۆلۈن بالىسى تۇغۇلۇپ 30- كۈنلىرى، چاشقان بالىسى تۇغۇلۇپ 50- كۈنلىرى ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا كۆرۈش قۇۋۋىتى ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق.

بوۋاق قاراڭغۇ بىلەن يورۇقلۇقنى ئىنتايىن تەس پەرقلەندۈرىدۇ ياكى شەيئىلەرنى تەسرەك كۆرىدۇ. بوۋاقنىڭ كۆزى ئىنتايىن تەۋرىنىشچان بولغاچقا بىر شەيئى ئۈستىدە مەركەزلىشەلمەيدۇ. تۇغۇلۇپ 3- ئايغا بارغاندا ئاندىن ئۇ ئاتا- ئانىسىنى ياكى سۈت شىشىسىنى كۆرەلەيدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە تىكىلىپ قارىيالايدۇ. تۇغۇلۇپ 6- ئايغا بارغاندا، ئۇ ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ چىرايىنى پەرق ئېتەلەيدۇ، لېكىن يىراقنى كۆرەلمەيدۇ، ئۇن ياشقا كىرگەندە كۆرۈش سەزگۈسى تەرەققىي قىلىشتىن توختايدۇ.

بوۋاق بالىياتقۇ ئىچىدە بەش ئايلىق بولغاندىلا ئاۋازنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشقا باشلايدۇ، نەتىجىدە مېڭە پوستلاق قەۋىتىنىڭ ئاڭلاش رايونىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى ئاۋازلارنىڭ تەسىرىدە يېتىلىشىنى، مۇكەممەللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىراق بوۋاقنىڭ كۆرۈش مەركىزىي تۈگۈنى بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاندىن غىدىقلىنىشقا ئۇچرايدۇ. شۇڭا بوۋاقلارنىڭ رەسىم، خەرىتە قاتارلىق بىلىم- ئۇچۇرلارنى كۆرۈپ خاتىرىسىدە ساقلاپ قىلىشىدىن، يېقىملىق مۇزىكا، ناخشا (ئەللەي ناخشىلىرى)، شېئىرلارنى ئاڭلاپ خاتىرىسىدە ساقلاپ قىلىشى ئاسان بولىدۇ (بوۋاق بالىلار بۇ خىل ئۇچۇرلارنى ئېسىدە ساقلاپ قالالايدۇ. قۇلاق ئارقىلىق ئېرىشكەن ئۇچۇرلارنىڭ بالىغا تەسىرى چوڭقۇر بولىدۇ. شۇڭا دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر بالىنى ھامىلە چېغىدىن باشلاپلا تەربىيىلەشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدا ئىنساننىڭ ئاڭلاش سەزگۈسىنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشى مۇھىم مەقسەت قىلىنغان). شۇڭا 69-سۈرە «ھاققە»نىڭ 11-، 12-ئايىتىدە قۇدرەتلىك ئاللاھ مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

**" شۈبھىسىزكى، (نۇھنىڭ زامانىدا) چوڭ سۇ يامراپ كەتكەن چاغدا، سىلەرنى (يەنى ئەجدادىڭلارنى) بىز كېمىگە سالدۇق، سىلەرگە ئۇنى ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، تۇتۇۋالىدىغان قۇلاقلارنىڭ تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن (بىز شۇنداق قىلدۇق) ".**

ئىنساننىڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتىنىڭ تىلنى چۈشىنىش دائىرىسى تەرەققىي قىلىپ ئاڭلاش سەزگۈ رايونىغا يېقىنلاشقان بولىدۇ. بۇ ئىككى دائىرىنىڭ مۇناسىۋىتى كۆرۈش سەزگۈ رايونىنىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ زىچ. كۆرۈش سەزگۈ رايونى كىتاب ئوقۇش جەريانىدا مەلۇم ھەسسە قوشىسىمۇ، لېكىن ئاڭلاش سەزگۈسىنىڭ مېڭىنىڭ تىلنى چۈشىنىش دائىرىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇق.

ئىنساننىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى كۆرۈش سەزگۈسىدىن بۇرۇنراق تەرەققىي قىلىدۇ ھەم پىشىپ يېتىلىدۇ، مۇكەممەللىشىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى خۇلاسىلەش مۇمكىن:

‹1› تۆرەلمىنىڭ ئاڭلاش سەزگۈ سىستېمىسى كۆرۈش سەزگۈ سىستېمىسىغا قارىغاندا بۇرۇن يېتىلىدۇ. ئاڭلاش سەزگۈسى ھامىلە 5 ئايلىق بولغاندا چوڭ ئادەمنىڭ ئاڭلاش سەزگۈسى سىستېمىسى شەكلىگە كىرىدۇ. كۆرۈش سەزگۈ سىستېمىسى ئادەم 10 ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئاندىن مۇكەممەللىشىپ پىشىپ يېتىلىدۇ.

‹2› تۆرەلمە (ھامىلە) بالىياتقۇدىكى چېغىدا ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايدۇ، ئەمما نۇر، سىزىقلارنى تۇغۇلغاندىن كېيىن پەرقلەندۈرەلەيدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە "ئاڭلاش" سۆزىنىڭ "كۆرۈش" سۆزىنىڭ ئالدىدا بايان قىلىنىشىنىڭ باشقا يەنە قانداق سەۋەبلىرى بار؟!

‹1› بىئولوگىيە ئىلمىنىڭ ئىسپاتلىشىچە: ئادەم ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئاۋۋال ئۇنىڭ كۆرۈش سەزگۈسى تورمۇزلىنىپ(ئاستا- ئاستا ئۆچۈپ)، ئاندىن كېيىن ئاڭلاش سەزگۈسى تورمۇزلىنىپ، ئىشتىن توختايدۇ. ئىنسان بىھوش بولغاندا، ئوكسىگېن يېتىشمىگەندە، سەكراتقا چۈشكەندە، مېڭىگە قان يېتىشمىگەن ئەھۋاللاردىمۇ ئاۋۋال كۆرۈش سېزىمى يوقۇلۇپ، ئاندىن ئاڭلاش سېزىمى يوقىلىدۇ.

‹2› ئايروپىلان ئۇچقۇچىلىرى ۋە ئالەم ئۇچقۇچىلىرى تىز سۈرئەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلىگەندە كۆرۈش قۇۋۋىتىگە تەسىر يېتىپ مۇجمەل كۆرۈش قۇۋۋىتى شەكىللىنىدۇ. ئەمما، ئاڭلاش ئىقتىدارى ھەرگىزمۇ يوقالمايدۇ. ئاڭلاش قۇۋۋىتى ئىنتايىن تۆۋەن سەۋىيىدە بولسىمۇ ساقلىنىپ قالىدۇ. ئالەم ئۇچقۇچىلىرى كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن مەھرۇم قالغان ئەھۋالدىمۇ يەر يۈزى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ. (ئادەتتە ئۇچقۇچىلار ئايروپىلان كونۇپكىلىرىنى ئىشلىتىشنى مەشىق قىلغاندا كۆزىنى تېڭىپ قويۇپ مەشىق قىلىدۇ. بۇنداق بولۇشىمۇ يۇقىرى سۈرئەتتىكى ئايروپىلاننى باشقۇرۇش داۋامىدا جىسمانىي كۆزنىڭ رولى ئاجىزلىشىپ "ئەقىل كۆزى"نىڭ رولى كۈچىيىدىغانلىقىدىن بولغان).

‹3› ئادەم ئوخشاش بولمىغان يۆنىلىش، ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن كەلگەن ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايدۇ. لېكىن ئادەمنىڭ بېشى مۇقىم بىر ئورۇندا تۇرغاندا، ئۇنىڭ تەكشىلىكتىكى كۆرۈش بۇلۇڭى $180^0$، تىكلىكتىكى كۆرۈش بۇلۇڭى $145^0$ بولىدۇ. نۇر تۈز سىزىق بويىچە تارقالغاچقا، توسالغۇلاردىن، ئەگرى جايلاردىن ھەم سۈزۈك بولمىغان جىسىملاردىن ئۆتەلمەيدۇ، لېكىن ئاۋاز ھەر قايسى تەرەپلەرگە تارقىيالايدۇ. ئېگىز- پەس جايلاردىمۇ، قېلىن، ئېگىز تاملاردىمۇ تارقىيالايدۇ(ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ). ئۆزىنى كۆرمىسەكمۇ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايمىز. بالىسىنى يۈتتۈرۈپ قويغان ئانا بىر توپ كىشىلەرنىڭ سۈرەن چۇقانلىرى ئىچىدە ئۆز بالىسىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدۇ. ئىنسان ھەر خىل ئاۋازلارنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرسا ئۇنىڭ ئېرىشىدىغان پايدىسىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

‹4› ئەگەر ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى زەخىملەنسە، كېسەل ئادەمنىڭ قۇلىقى ئاڭلاش سېزىمىنى يوقاتمايدۇ. لېكىن كۆزنىڭ ئەھۋالى باشقىچە، ئەگەر مېڭە ئازراق زەخىملەنسە، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى تۆۋەنلەيدۇ، ھەتتا

يوقۇلۇپ كېتىدۇ.

‹5› ئەگەر بوۋاق تۇغما گاس بولۇپ تۇغۇلسا ياكى تۇغۇلۇپلا گاس بولۇپ قالسا، ئۇ گاچا بولۇپ قالىدۇ. لېكىن، ئەما تۇغۇلسىمۇ قۇلاق ساق بولسا سۆزلىششنى ئۆگىنەلەيدۇ. بۇ يەردە بىز مۇنداق مىساللارنى كەلتۈرەلەيمىز:

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قاراخانىلار دەۋرىدىكى مۇتەپەككۇر شائىرى ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى ئىككى كۆزى تۇغما ئەما بولسىمۇ لېكىن بىزگە مەشھۇر دىداكتىك ئەسىرى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەتلەر ئىشىكى ياكى ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى) ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى قالدۇرغان؛ مىسىرلىق مەشھۇر ئالىم تاھا ھۈسەيىن تۇغما ئەما بولسىمۇ لېكىن "قەلب كۆزى"گە، ئاللاھ ئاتا قىلغان بىر جۈپ قۇلىقىغا تايىنىپ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن؛ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى ن. ئا ئوستروۋسكىي ئىككى كۆزى ئەما ھالەتتىمۇ «پولات قانداق تاۋلاندى» ناملىق رومانىنى يېزىپ چىققان. بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن مەشھۇر شەخسلەر ئىككى قۇلىقىغا تايىنىپ، ئەمالار يېزىقىنى ئۆگىنىپ قەلب كۆزىنى ئاچقان، ئىنسانىيەتكە زور ھەسسىلەرنى قوشقان. ئىسلام دۇنياسىدا ئەما ئالىم ۋە ھافىز (پۈتۈن قارى) لار ئاز ئەمەس.

«قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (يەنى سەير قىلىپ) چۈشىنىدىغان دىللارغا، ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ھەم چۈشەنمەيدۇ)** "{سۈرە «ھەج» (22- سۈرە)، 46-ئايەت}.

‹6› ئىنساننىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى تەبىئىيلا ئاجىزلىشىپ كەتسە ياكى يوقالسا، چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتىدىكى كۆرۈش رايونى- چوڭ مېڭىنىڭ ئەستە ساقلاش، ئانالىز قىلىش ۋە ئەقلىي جەھەتلەردىكى قۇۋۋەتلىرىنى ئاشۇرىدۇ. لېكىن ئاڭلاش رايونى ئۇنداق قىلالمايدۇ. (ئاڭلاش سېزىمى ئاجىزلىسا ياكى يوقالسا، چوڭ مېڭىنىڭ ئەستە ساقلاش، ئانالىز قىلىش ۋە ئەقلىي قۇۋۋەتلىرى ئاشمايدۇ) (بۇنىڭ سەۋەبى تېخى ئىنىقلانمىغان). بۇ ئىنساننىڭ ئاڭلاش سەزگۈسىنىڭ ئىنسان ھاياتىدا تېخىمۇ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

‹7› ئىنساننىڭ ئاڭلاش سەزگۈسىدىن كەلگەن ئۇچۇرلار ئىنساننىڭ ئېسىدە ساقلىنىپ قالىدۇ، باشقا سەزگۈ ئەزالار ئارقىلىق ئېرىشكەن ئۇچۇرلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ھەم تەسىرى بۇنىڭغا يەتمەيدۇ.

‹8› كۆرۈش سەزگۈسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدىغان ئۇچۇرلار مىقدارى ئاڭلاش سەزگۈسى ئارقىلىق ئېرىشىدىغان ئۇچۇرلاردىن كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئاڭلاش سەزگۈسىدىن كەلگەن ئۇچۇرلار كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە تېخىمۇ كەڭ ھەم تېخىمۇ چوڭقۇر كۆز قاراش، تەسەۋۋۇر، ئۇقۇملارنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىنساننىڭ قەلبىنى ئېرىتىۋېتىدىغان مۇڭلۇق، تەسىرلىك قىرائىتى قەلبىمىزنى ئېرىتىپ بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرىدىكى:

ياخشى سۆز تاشنى يارار،
يامان سۆز باشنى (يارار).
ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ،
ھايۋان تۇياقتىن (سەمرىيدۇ).

دېگەن ھېكمەتلىرىدىمۇ قۇلاقنىڭ مۇھىم رولى بايان قىلىنغان. تۇرمۇشىمىزدىن يەنە مىسال ئالساق: ئاۋازلىق كىنونىڭ تەسىرى ھەم ئۈنۈمى ئاۋازسىز كىنونىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقىدا ئىشلەتكەن تىلنىڭ ئاھاڭى، شىۋىسى ئوخشىمىسا باشقىلارغا بېرىدىغان تەسىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەزمۇنى بىر خىل بولسىمۇ، لېكىن شەكلى،

ئاھاڭى ئوخشىمىغان سۆز ئوخشىمىغان ئۈنۈم پەيدا قىلىدۇ.

‹9› قۇلاق بارابان پەردىسىنىڭ سىرتقى قەۋىتى بىلەن ئۈچۈر قوبۇل قىلغۇچى چوڭ مېڭە ئوتتۇرىسىدا بىر- بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان نەچچە مىليون قۇرۇلما بولغاچقا، ئۇ ئاڭلىغان ھەرخىل ئاۋازلارنى ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىدە قايتا ئەكس ئەتتۇرەلەيدۇ ھەمدە ئاۋازلار ئارىسىدىكى سانسىزلىغان ئىنچىكە پەرقلەرنىمۇ پەرقلەندۇرەلەيدۇ. يەنە كېلىپ، ئاڭلىغان بارلىق ئاۋازلارنى، چوڭ مېڭە بىلەن نۇقسانسىز تۇتاشتۇرالايدۇ. ئالىملار شۇنداق قارايدۇكى: ئاڭلاش ئىقتىدارى ئەستە قالدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايلا قالماستىن، بەلكى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىجادىي ئىقتىدارىنىڭ ئاساسى قىسمى ھېسابلىنىدۇ، ياخشى ئاڭلاش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشى ئادەمنىڭ ساپاسى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈشكە ناھايىتى زور ياردەم بېرىدۇ.

‹10› ئادەتتە ئىنسانلار چاستوتىسى 16 گىرتىستىن( Hz ) 20 مىڭ گىرتىسقىچە بولغان ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايدۇ. بىراق ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېرى شۇكى، ئادەمنىڭ باش ۋە بويۇن قىسمىدىكى قان ئايلىنىشنىڭ ئاۋازى بۇ دائىرە ئىچىدە بولسىمۇ، بىراق ئادەم بۇ ئاۋازنى ئاڭلىيالمايدۇ (مۇبادا بۇ ئاۋازلارمۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئاڭلىنىدىغان بولسا، بۇنىڭ ئىنسانغا روھىي، جىسمانىي جەھەتتىن ئېغىر ئازابى بولۇر ئىدى). بۇمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىنسانغا قىلغان چوڭ رەھمىتى، ئەلۋەتتە.

خۇلاسە: «قۇرئان كەرىم»دە ”قۇلاق“ ۋە ”ئاڭلاش“ سۆزلىرىنىڭ”كۆز“ ۋە ”كۆرۈش“ سۆزلىرىنىڭ ئالدىدا قويۇلۇشى چوڭقۇر ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بىزنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىشىمىزغا، ئىزدىنىپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

(ئاپتور: قاغىلىق ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ۋە دىنىي ئېتىقاد

ئەلى ۋېن داۋ

ھەر يىلى 12-ئاينىڭ 10-كۈنى نوبېل مۇكاپاتىنىڭ خاتىرە كۈنى بولۇپ، بۇ چاغدا، نوبېل مۇكاپاتىنى باھالاش ھەيئىتى شۋېتسىيە پايتەختى ستوكھولم شەھىرى بىلەن نورۋېگىيە پايتەختى ئوسلو شەھىرىدە داغدۇغىلىق مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ھەيئەت 1901- يىلدىن 1996- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا (ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى بۇنىڭ سىرتىدا) جەمئىي 639 نەپەر نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىنى باھالاپ چىققان.

مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچى 639 نەپەر ئالىم ئىچىدە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار ياكى دىنىي ئېتىقادى ئاجىزلار جەمئىي 21 نەپەر بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋە سابىق شەرقىي ياۋروپا سوتسىيالىستىك ئەللىرىدىن ئىكەن. 639 نەپەر مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىدىن ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار بولسا 618 نەپەرنى ئىگىلەيدىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە خرىستىئان دىنى(جۈملىدىن كاتولىك دىنى، پروتېستانتىيە دىنى، پراۋوسلىيە دىنى)غا ئېتىقاد قىلغۇچىلار 596 ، يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار8 ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار 8 ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار 4 ، ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار 2 ئادەم ئىكەن. نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 81 كىشىدىن بىر مۇنچىلىرى دىنىي داھىيلار ياكى دىنىي ئالىم-ئۆلىمالار ئىكەن. بولۇپمۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بەزى مەشھۇر جەمئىيەت ئەربابلىرى، سىياسىيونلار ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى، مەسىلەن، ئامېرىكىدىن كىسىنگېر(يەھۇدىي دىنىدا)، جەنۇبىي ئافرىقىدىن ماندېلا (پروتېستانتىيە دىنىدا)، پەلەستىنىدىن ئەرافات(ئىسلام دىنىدا)، پولشادىن ئۇۋېنسا(كاتولىك دىنىدا) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىكەن.

(«جۇڭگو دىنلىرى» ژۇرنىلىدىن؛ ھاجى مەھمۇدى تەرجىمىسى)

# مىسىرلىق دوختۇر «قۇرئان كەرىم» بېشارىتى بىلەن كۆز دورىسى ياساپ چىقتى

مەن شېنلياڭ

مىسىرلىق بىر دوختۇر «قۇرئان كەرىم» دىكى «يۇسۇف» سۈرىسىنى ئوقۇغان چاغدا تاسادىپىي بىر ئىلھامغا كېلىپ قېلىپ، دەرھال كىرىشىپ ئادەمنىڭ تەر بېزىدىن ئېلېمېنت ئېلىپ كاتاراكتا(كۆز گۆھىرىگە ئاق چۈشۈش كېسەللىكى)نى داۋالايدىغان يېڭى بىر خىل دورا ياساپ چىققان. بۇ يېڭى دورا سىناق قىلىپ ئىشلىتىلگەندىن كېيىن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىپ، كۆزدىكى ئاقنى ئوپېراتسىيە قىلمايلا داۋالىغىلى بولغان ۋە ئۇنىڭ شىپالىق ئۈنۈمى 99% گە يەتكەن. بۇ دوختۇر ئۆزىنىڭ ئىلمى تەجرىبە ۋە دورىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى دورا ئىلمى تەتقىقات ئورگانلىرىغا تاپشۇرۇپ دەلىللىتىپ ۋە باھالىتىپ رەسمى گۇۋاھلىق ۋە ئىجازەتكە ئېرىشكەن. ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى دورا باشقۇرۇش نوپۇزلۇق ئورگانلىرى ئۇنىڭ بۇ رېتسېپىنى بازارغا سېلىشنى ھەم مۇشۇ ئەسىردىكى يېڭى دورا سۈپىتىدە تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىشنى تەستىقلىغان.

ئابدۇللا باسىت دېگەن مىسىرلىق بۇ دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، بىر كۈنى سەھەردە ئۆزىنىڭ سەھەرلىك قۇرئان تىلاۋىتىدە «قۇرئان كەرىم» نىڭ «يۇسۇف» سۈرىسىنى ئوقۇغان. بۇ سۈرىدىكى ئايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى يۇسۇفنى ياد ئېتىۋېرىپ قاتتىق ھەسرەت چېكىپ ئىككى كۆزى ئاقىرىپ كەتكەن(يەنى كور بولۇپ قالغان). چۈنكى يۇسۇف بالا ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئاتا بىر، ئانا بۆلەك ئاكىلىرى ئۇنى ئالداپ چەت-ياقا بىر جايغا ئاپىرىۋەتكەن، ئەمما ئۇ نۇرغۇن ئەگرى-توقايلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ مىسىرغا كېلىپ قېلىپ، ئاخىرى مىسىر پادىشاھلىقىنىڭ دۆلەت ئاشلىق ئامبىرىغا باش ئامبال بولغان. ئاپەت يىللىرى بولغاندا، ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسى مىسىرغا كېلىپ ياردەم تىلىگەن. ئۇلار بۇ باش ئامبالنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرى ئالدىغان ئىنىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىغان ھەمدە ياشانغان ئاتىسىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلىنى ياد ئېتىپ ئىككى كۆزى كور بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتقان. يۇسۇف ئۇلارغا: ”سىلەر مېنىڭ بۇ كۆڭلىكىمنى ئېلىپ بېرىپ، ئاتامنىڭ يۈزىگە تاشلاڭلار، كۆزى ئېچىلىدۇ“ دېگەن {سۈرە «يۇسۇف» (12-سۈرە)، 93-ئايەت}. دوختۇر ئابدۇللا باسىت مۇنداق دەيدۇ: ”دوختۇر بولغان مەن بۇ ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۆزلۈكچە ئۆزۈمنى باسالماي، ئايەتتىكى ھېكمەت ھەققىدە ئويلاندىم. مېنىڭ خىيالىم ئاستا-ئاستا ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ يۈزىگە تاشلانغان ھېلىقى كۆڭلەككە مەركەزلىشىپ، ئۇنىڭدا نېمە بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىنىشقا باشلىدىم ۋە چوقۇم يۇسۇف كىيگەن كۆڭلەكتە ئۇنىڭ بەدىنىدىكى تەر بار، دېگەن ئويغا كەلدىم. مۇشۇ خىيالىم بويىچە مەن تەرنىڭ تەركىبى ئۈستىدە ئىزدەندىم ھەم بىر ئىلمى تەتقىقات پىلانى تۈزۈپ، تەجرىبىخانىغا كىرىپ، ئالدى بىلەن، توشقان بەدىنىدىن چىققان تەر ئۈستىدە تەھلىل ۋە تەجرىبە قىلىشقا باشلىدىم ۋە بۇنى ئەقىلگە مۇۋاپىق تەسەۋۋۇر دەپ ھېس قىلدىم، ئاندىن تەر تەركىبىدىن مۇھىم ئېلېمېنتلارنى چەككىلەپ چىقىپ، بۇلارنى كۆزگە ئاق چۈشۈشكە ئالاقىدار ماددىلار بىلەن قوشۇپ دورا ئىشلەپ چىقتىم ۋە بىر مۇنچە كېسەللەرگە ئىشلىتىپ كېلىنىكىلىق تەجرىبە ئېلىپ باردىم. كۆزگە ئاق چۈشكەن 250 كېسەلنى ئىككى ھەپتىنى بىر دەۋر قىلىپ، كۈنىگە ئىككى قېتىمدىن دورىنى ئىشلىتىپ داۋالىدىم. نەتىجىدە ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئۈنۈم بېرىش نىسبىتىنىڭ 99% ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.“

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىلمى تەجرىبە ئېلىپ بارغان ۋە بۇ دورىنىڭ رېتسېپىنى تۈزۈپ ھەم ئۇنى ياساش تەرتىپىنى لايىھىلەپ چىقىپ، ئاخىرى رەسمى دورىنى ئىشلەپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن تەجرىبە دوكلاتىنى ھەم پاتېنت ھوقۇقى ئىلتىماس قىلىش ھۆججىتىنى تەييارلاپ چىققان.

دوختۇر ئابدۇللا ئابلىس بۇ يېڭى دورىغا ۋاقتىنچە ”قۇرئان شىپادانى“ دەپ ئات قويغان ھەمدە مۇشۇ نام بىلەن پاتېنت ھوقۇقى ۋە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئىلتىماس قىلغان. شۋېتسارىيە دورا تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىنىڭ تەۋسىيە قىلىشى بىلەن، شۋېتسارىيە دورا زاۋۇتى ۋەكىل ئەۋەتىپ بۇ دوختۇر بىلەن توختام تۈزۈشۈپ، بۇ دورىنى تۇنجى بولۇپ تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىپ خەلقئارالىق دورا بازىرىغا سالماقچى بولغان.

( ھاجى مەھمۇدى تەرجىمىسى)

# ئىتتىپاقلىقنىڭ دۈشمىنى سۇخەنچىلىك

ئابابەكرى قارى ھاجىم

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

سۆزلىششىنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى بولغان تىل ئىنسانلارنىڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالى، كىشىلىك ھاياتتا ئىنسانلارغا بەخت، ئىناقلىق، خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدىغان ئىجابىي ياخشى ئەخلاقلار تىل ئارقىلىق ئىپادىلەنسە، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان يامان، سەلبىي ئىللەتلەرمۇ يەنە شۇ تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

تىل قەلبتىن ئىبارەت بىر دېڭىزنىڭ قىرغىقى بولۇپ، دېڭىزدا نېمە بولسا قىرغاققا شۇ چىقىدۇ. تىل ئارقىلىق بىر ئادەمنىڭ روھى دۇنياسىنى، ئەخلاق-پەزىلىتىنى ۋە تەربىيىلىنىشىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىۋاتقان جەمئىيەت ھادىسىلىرى شۇ دەۋرنىڭ روھى قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئىنسان قىيامەت كۈنى قۇلاق، كۆز، دىل قاتارلىق سەزگۇ ئەزالىرى ئۈستىدە سوئال-سوراق قىلىنغىنىدەك {سۈرە«ئىسرا» (17-سۈرە)، 36-ئايەت} تىل ئۈستىدىمۇ سوئال-سوراق قىلىنىدۇ، ئۇنى قانداق سۆزلەرگە ئىشلەتتى؟ مۇسۇلمانلارغا ۋە ئۆزىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدىلىق ئېلىپ كېلىدىغان سۆزلەرنى قىلدىمۇ؟ ياكى سۇخەنچىلىكتەك مۇسۇلمانلارغا زىيانلىق سۆزلەرنى قىلدىمۇ؟ ئۇنى ئاللاھنىڭ زىكرىگە، ئەمرى-مەئرۇپ قىلىشقا ئىشلەتتىمۇ ياكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئىشلەتتىمۇ؟ بۇنىڭ ئۈستىدىمۇ سوئال-سوراق قىلىنىدۇ.

ئىنسان قىلغان سۆزلەردىن تېنىۋالماسلىقى ئۈچۈن، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ قىلغان سۆزلىرىنى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ. **"ھالبۇكى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر بار. ئۇلار( ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ، (سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ۋە ئەمەللىرىڭلارنى) يېزىپ تۇرىدۇ، ئۇلار قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ"** {سۈرە«ئىنفىتار» (82-سۈرە) 10—12-ئايەتلەر}. ئىنسانلار كىشىلىك مۇناسىۋەتتە بەختلىك، ئىناق، خاتىرجەم، تىنچ ياشاشنى ئارزۇ قىلىسىمۇ، لېكىن ھەممە نەرسىنىڭ بىر كۈشەندىسى بولغىنىدەك، سۇخەنچىلىك بۇنداق ئارزۇلارنىڭ بىردىنبىر كۈشەندىسىدۇر.

ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە مۆمىنلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ. پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەرنى ئېلىپ كەلسە ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەسلىكنى ھەم گەپ توشۇغۇچىنىڭ پىتنىسىگە چۈشۈپ قالماسلىقنى {سۈرە «ھۇجۇرات» (49-سۈرە)، 6-ئايەت} ، شۇنداقلا گەپ توشۇشنىڭ نەقەدەر خىيانەتكار ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرسا، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"كىمكى ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا گەپ توشسا ئاللاھ ئۇنىڭ قەبرىسىگە بىر ئوتنى ھۆكۈمران قىلىپ قويىدۇ، ئوت ئۇ ئادەمنى قىيامەتكىچە كۆيدۈرىدۇ "** دەپ خەۋەر بېرىدۇ. سۇخەنچىلىكتىن خالىي جەمئىيەتنىڭ كىشىلىرى ئىناق، ئىتتىپاق، تۇرمۇشى پاراۋان،

ئاللاھنىڭ رەھمەت-بەرىكەتلىرى ياغدۇرۇلغان بولىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر مىسال بار. قەدىمكى زاماندا (مىلادىدىن ئىلگىرى) مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە بىر قەۋم ئۆتكەن بولۇپ ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەھەتچىلىك يۈز بېرىپتۇ، ئۇلار روزا تۇتۇپ، كېچە-كۈندۈز ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ شۇنچە ئىبادەت قىلسىمۇ خۇددى ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك ئىبادەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەتى ئۇلارغا يۇقماپتۇ، ئۇلار قەھەتچىلىكتىن قۇتۇلۇش ۋە كۆزلىگەن مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بەئەينى چۆلدە قالغان يېتىم بالىدەك يىغلاپ-زارلاپ ئاللاھقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلغان بولسىمۇ دۇئاسى ئىجابەت بولماپتۇ، بۇ ھالنى كۆرۈپ پەيغەمبەر مۇسا ئەلەيھىسسالام: ”مەن پەيغەمبەر بولغاندىكىن دۇئايىم ئىجابەت بولار“ دەپ بۇ قەۋمنىڭ خارلىقتىن قۇتۇلۇشىغا دۇئا قىپتۇ، ئەپسۇسكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىمۇ ئىجابەت بولماپتۇ، بۇنىڭدىن ئەجەپلەنگەن مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇر تېغىغا چىقىپتۇ ۋە ئاللاھقا تەۋەنلىك بىلەن يالۋۇرۇپ: ”ئى قۇدرەتلىك ئاللاھ! سەن ھېلىقى قەۋمنىڭ خارلىق، بىقۇۋۇللۇق، يوقسۇللۇق ئىلكىدە ئىڭراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئۇلار ساڭا بارلىق ئىبادەتلەرنى قىلىپ، دېگەن يېرىگىدىن چىقىۋاتىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ۋە مېنىڭ دۇئايىمنىڭ ئىجابەت بولمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ باقسام“ دەپتۇ، ئاللاھ جاۋاب بېرىپ: **”ئى مۇسا! سەن ئۇقمايسەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە باشقىلارنى چېقىشتۇرۇپ سۇخەنچىلىك قىلىدىغانلار، ئازغىنە مەنپەئەتنى دەپ كىيىنكى چوڭ زىياننى كۆرمەي گەپ توشۇيدىغان ئىككى يۈزلىمچىلەر بار. ئاشۇلار تەۋبە قىلىپ ئىستىغپار ئېيتمىغۇچە ھەرقانچە ئىبادەت قىلسىمۇ ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ، قەھەتچىلىك(ۋە خارلىق) ئۇلاردىن كۆتۈرۈلمەيدۇ“** دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ مۇسا ئەلەيھىسسالام: ”ئى ئاللاھ! ئاشۇ كىشىلەرنى ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭ، مەن ئۇلارنى تەۋبە قىلدۇرۇپ ئىستىغپار ئېيتقۇزسام، ئەگەر قىلمىشىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىستىغپار ئېيتقىلى ئۇنىمىسا قەۋمىم ئارىسىدىن چىقىرىۋەتسەم“ دېگەندە، ئاللاھ مۇنداق دەپتۇ: ”مەن **ئۇلارنى ساڭا ئېيتىپ بەرسەم مەنمۇ سۇخەنچى بولۇپ قالمايمەنمۇ؟!“**

بۇ مىسال جەمئىيەت سەھنىسىدە يۈز بېرىۋاتقان سۇخەنچىلىك ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيىنىنى فوتو ئاپپاراتتىدەك سۈرەتلەپ بېرەلەيدۇ. ئەمما سۇخەنچى ئۆزىنىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ جەمئىيەتكە سېلىۋاتقان زىيىنىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايدۇ. ھالبۇكى، باشقىلارنىڭ قايغۇ-ئەلىمىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان مانا مۇشۇ سۇخەنچىلىك سەۋەبىدىن ئوقۇغۇچى-ساۋاقداشلار ۋە ئۇستازلارنىڭ كۆڭلىگە ئۆمۈرلۈك ساقايماس جاراھەت ئورۇقى چېچىلىدۇ؛ مانا مۇشۇ سۇخەنچىدىن ئىبارەت زەھەرلىك يىلان بولغاچقا، ئاتا-بالىلار ئوتتۇرىسىغا ئارازلىق يېتىپ مېھرىبانلىقنىڭ يىلتىزىغا پالتا چېپىلىدۇ؛ مانا مۇشۇ سۇخەنچىدىن ئىبارەت ھەسەتخور كۈشەندە بولغاچقا، ئىناق ئائىلىلەر ۋەيران بولۇپ، يېتىم قوزىلار غېرىبلىق كوچىسىدا سەرسان بولىدۇ؛ مانا مۇشۇ سۇخەنچىدىن ئىبارەت شۇم قاچقۇ بولغاچقا، كىشىلەر تېخىمۇ نامراتلىشىپ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن ئىڭرايدۇ؛ مانا مۇشۇ سۇخەنچىدىن ئىبارەت چىشى ئۆتكۈر زەھەرلىك جەدە ھەرەنىڭ سەۋەبىدىن كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق دەرىخى كېسىپ تاشلىنىدۇ.

**”بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردۇر، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ“** {سۈرە«بەقەرە» (2-سۈرە)، 12-ئايەت}. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ”سۇخەنچى جەننەتكە كىرمەيدۇ“ (مۇسلىم رىۋايىتى) دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان بولسىمۇ، سۇخەنچى بۇ دۇنيادىكى مەنپەئەتنىلا ئويلاپ ئۇ ئاخىرەتكە ئۈمىد باغلىمايدۇ. ئەپسۇسكى، سۇخەنچى ئازغىنە مەنپەئەتنى دەپ ياكى باشقىلارنى كۆرەلمەي گەپ توشۇپ كىشىلەرنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ئازابىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئويلاپ ئالتۇندەك ۋاقتىنى باشقا ئىشلارغا سەرپ قىلغان بولسىچۇ! ئۆزىنىڭ

مەقسىتى ئەمەلگە ئاشقان چاغدىكى لەززەتنى سۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا لەنەت-نەپرەت ياغدۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان بولسىچۇ، كاشكى!

سۇخەنچىلىك بەزىدە قىلمىغان ئىشلارنىمۇ قىلدى دەپ كىشىلەرگە قارا چاپلاش ئارقىلىق تۆھمەت تۇسىنى ئالغان بولىدۇ. ئەمما سۇخەنچى ھېچ ئىش قىلمىغان بولۇۋېلىپ، كىرپىدەك تۈگۈلۈۋالسىمۇ، ھامان بىر كۈنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا ئۇچراپ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا رەسۋا بولىدۇ ياكى قىلمىشى ئاشكارىلىنىپ، قانۇننىڭ سىرتمىقىغا دەسسەيدۇ («جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 243-ماددىسىدا باشقىلارغا قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن). شۇنىڭ ئۈچۈن سۇخەنچىلەر گەپ توشىماقچى بولغاندا ئۆز ئۈستىدىكى پەرىشتىلەرنى، قىلمىش-ئەتمىشلىرى، سۆز-ھەرىكەتلىرىنى يېزىپ تۇرىدىغان كاتىپلارنى ئەسلەپ، ھامان بىر كۈنى ئاشكارا بولۇپ ئازابقا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئويلىشى، ئەڭ مۇھىمى ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھدىن قورقۇشى ۋە ھايا قىلىشى لازىم.

يۇقىرىدىكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسالىدىن يەنە شۇنداق بىر مەزمۇن چىقىدۇكى: سۇخەنچىلىك ھەر قانداق جەمئىيەتتە يۈز بېرىدىكەن، بۇنىڭ تەسىرى خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلدەك تارقاپ مۇسۇلمانلارنىڭ قىلغان دۇئاسىنى پەردىلەپ قويىدۇ. ئەدناسى بىر ئائىلىدە سۇخەنچى بولسا شۇ ئائىلىگە ئاللاھنىڭ رەھمەت دەرۋازىلىرى ئېتىلگەندىن سىرت، باشقا مۇسۇلمانلارغىمۇ ئاللاھنىڭ بەرىكىتى ياغمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق مۇسۇلمانلار ئۆز مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ بولسىمۇ سۇخەنچىلىككە قارشى تۇرۇشى لازىم. جۈملىدىن دىنىي زاتلار، ئەھلى ئىلىملەر بۇنداق ئىللەتنى قىلىش ۋە ئۇنىڭ پىتنىسىگە چۈشۈپ قېلىشتىن ئالاھىدە ساقلىنىشى، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ سۇخەنچىلىكتىن ئىبارەت زەھەرلىك ۋاباغا ۋە باشقا ئىللەتلەرگە ئورتاق قارشى تۇرۇشى، تەبلىغ، ۋەز-نەسىھەتلىرىدە بۇنىڭغا ئالاھىدە ئورۇن بېرىشى لازىم.

ماقالىنىڭ ئاخىرىدا يەنە بىر مىسال كەلتۈرۈشنى توغرا تاپتىم، بەلكىم بۇ مىسال سۇخەنچىلەرنىڭ پىتنىسىگە چۈشۈپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن چوڭ بىر قالقان بولالىشى مۇمكىن.

داڭلىق ئالىم ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللاھنىڭ قېشىغا بىر ئادەم گەپ توشۇپ كېلىپ پالانىنىڭ ئوغلى ئابدۇررەھمان سېنىڭ ھەققىڭدە مۇنداق مۇنداق گەپلەرنى قىلدى، دەپتۇ.

— قاچان شۇنداق بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ ھەسەن بەسرى.

— بۈگۈن.

— سەن ئابدۇررەھماننى قەيەردە كۆردۈڭ؟

— ئۆيىدە كۆردۈم. — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى ئادەم ئەجەبلىنىپ.

— سەن ئابدۇررەھماننىڭ ئۆيىدە نېمە ئىش قىلاتتىڭ؟

— مېھمان بولۇپ بارغان.

— سەن ئۇنىڭ ئۆيىدە نېمىلەرنى يېدىڭ؟ — دەپ ئىنچىكىلەپ سورىغاندا، ھېلىقى ئادەم ئابدۇررەھماننىڭ ئۆيىدە سەككىز خىل تاماق يېگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ، ئاندىن ھەسەن بەسرى:

— سېنىڭ قورسىقىڭغا سەككىز خىل تاماق سىغىپتۇ-يۇ، ئەجەبا بىر گەپ سىغمىدىمۇ؟ مەن ئابدۇررەھماننى دۈشمەن تۇتمايمەن، ئەسلى مېنىڭ ھەققىمدە يامان گەپ قىلغان ئادەم ئابدۇررەھمان ئەمەس بەلكى سەن، سېنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىڭغا ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن جەننەتكە كىرىشتىن بۇرۇن ئابدۇررەھماننى مەن بىلەن بىرگە جەننەتكە كىرىشكە ئاللاھدىن تىلەيمەن، ماڭا ئابدۇررەھماننىڭ گېپىنى توشۇغان ئادەم ئەلۋەتتە مېنىڭ گېپىمنى ئۇنىڭغا توشۇيسەن، قوپ مېنىڭ قېشىمدىن ھۇ-پاسىق! دەپتۇ.

(ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزا 6-كەنت 1-مەھەللىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئاداۋەتلەشكۈچىلەرنى ياراشتۇرۇش ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئەنئەنىسى

ئابدۇللا قارى هوشۇر

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاداۋەت رېئال تۇرمۇشىمىزدا كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر ھەردائىم ئەرزىمەس، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن ئاداۋەتلىشىپ بىر-بىرى بىلەن ئۆچەكىشىدۇ، بىر-بىرىنى ھاقارەتلىشىدۇ، ھەتتا بىر-بىرى بىلەن مۇشتلىشىپ جانغا زامىن بولغۇدەك ئېچىنىشلىق دېلولارنى پەيدا قىلىدۇ، نەتىجىدە ھەر ئىككى تەرەپ ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالىدۇ. ئاداۋەت ئۇرۇق-تۇغقانلارنى ياتلاشتۇرۇپ، دوستلارنى دۈشمەنلەشتۈرىدىغان، ئىنسانلار ئارىسىغا ئۇزۇلمەي ئۇنۇپ تۇرىدىغان بىرخىل شۇمبۇيادۇر. بۇ دۇنياغا ھەممىدىن بالدۇر پەيدا بولغان ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانىمىز شەيتان لەنتىنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن چەكلەنگەن مېۋىنى يېگەنلىكى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى جەننەتتىن قوغلاپ بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنياغا چۈشۈرگەن. شۇندىن تارتىپ شەيتان لەنىتى ئىنسانلار ئارىسىغا ئاداۋەت سېلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. بىزنىڭ ئېتىقاد قىلىۋاتقان بۈيۈك ئىسلام دىنىمىز ئاداۋەت تۇتقۇچىلارنىڭ ئاداۋەتنى يۇيۇپ، دوست-بۇرادەرچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئىناق-ئىتتىپاق ھالدا دۇنيا تىرىكچىلىكىنى قىلىشنى ھەم ئاللاھ تائالاغا چىن ئىخلاسى بىلەن ئىبادەت قىلىشنى تەرغىپ قىلىدىغان كاتتا دىندۇر. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ بىز مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئاداۋەت دېگەن بۇ ناچار ئىللەت خۇددى سېرىق ئۇتەك يامىشىپ بىزنى ئەخلاقى جەھەتتىن چىرىتماقتا.

بۇ دۇنيادا بىر ئادەم بىلەن يەنە بىر ئادەم تۈپتىن ئوخشاش يارىتىلمىغاندەك، ئادەملەرنىڭ مىجەز-خاراكتېرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، گاھى ئادەملەر باركى ئىنتايىن گەدىنى يامان ئاداۋەتخور كېلىدۇ، يەنە بەزى ئادەملەر باركى ھەرقانداق ئىشقا كەڭ قورساقلىق قىلىپ ئاداۋەت تۇتمايدۇ. ئىنسانلار بۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ تۇرمۇش قانۇنىيىتى ۋە مىجەز-خاراكتېرى بويىچە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، خىزمەت قىلىدۇ، بىلىم ئالىدۇ، تاماق يەيدۇ، يول ماڭىدۇ. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ھامان زىددىيەت، سۈركىلىش ۋە ئازاب-ئوقۇبەت تارتىش ھەم ئاداۋەت تۇتۇشتىن، قوشنىلار ئارا ئىناق ئۆتەلمەسلىك، خىزمەتداشلار ئارا چىقىشالماسلىق قاتارلىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ. ئادەتتە ئەر-ئاياللارنىڭ ئىناقسىزلىقىمۇ ئاداۋەت پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق ئاداۋەت شۇ ئىنسانلارنى ھېسسىيات پاتقىقىغا پاتۇرۇپ ئازابلايدۇ ھەم نەپرەتلەندۈرىدۇ. تاسادىپىي مۇشۇنداق ئاداۋەتكە يولۇققان كىشىلەر كەڭ قورساق بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»نى قىبلىنامە قىلىپ، دىنىي نەسىھەتلەرگە ئەمەل قىلىپ ئۆزىنىڭ روھىي كەيپىياتىنى تەڭشىيەلىسە، شۇنداقلا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئۆزىنىڭ كەڭ قورساقلىقى بىلەن قارشى تەرەپنى تەسىرلەندۈرەلىسە، قارشى تەرەپمۇ بۇ ئىشلارنى چوقۇم ئويلانماي قالمايدۇ. ھەرگىز ياخشىلىققا يامانلىق قىلمايدۇ. ئاداۋەتنى تۈگىتىپ دوستلۇق

ئۇرۇنتىش تىنچ-ئىناقلىقتا پايدىلىق بولۇپلا قالماي، ئۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلايدۇ. ئەبۇ ئەييۇپ ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”بىر ئادەمنىڭ دىنىي قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇپ بىر-بىرىگە تەتۈر قاراپ يۈرۈشى دۇرۇس ئەمەس، قايسىسى ئالدى بىلەن سالام بەرسە ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ ياخشىراقى ھېسابلىنىدۇ“ (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). يەنە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، شۇ كۈنلىرى ئۆزى بىلەن قېرىندىشىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بولغانلىرىدىن باشقىلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، بۇ ئىككىسى ئەپلىشىپ قالغىچە كېچىكتۈرۈپ تۇرۇلسۇن دېيىلىدۇ“**(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) ۋە يەنە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇشى دۇرۇس ئەمەس، ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇپ ئۆلۈپ كەتسە دوزاخقا كىرىدۇ“**(ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان).

دىنىي قېرىنداشلار، يۇقىرىدىكى ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلمان تۇرۇقلۇق سەن كىچىك مەن چوڭ، سەن كەمبەغەل مەن باي، دەپ ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇپ ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگۈچىلەر ئاللاھ ئالدىدا قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا قالىدۇ. دۇنيادا كىشىلەر ئارىسىدا ئىناۋىتى تۆكۈلۈش بىلەن مەسخىرىگە قالىدۇ. شۇڭا مۇشۇ ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى بويىچە، ئاداۋەت دېگەن بۇ يامان ئىللەتنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىناق ئىتتىپاق ئۆتۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم. ئەتراپىمىزدىكى باشقا دىنىي قېرىنداشلارنىڭمۇ تاماشا كۆرۈپ چەتتە قاراپ تۇرماي، ئاداۋەت تۇتقانلارغا نەسىھەت قىلىپ ياراشتۇرۇپ قويۇشى ئىسلام قانۇنىيىتىدە زۆرۈردۇر. مۇنزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”سىلەرگە روزىدىنمۇ، نامازدىنمۇ، سەدىقىدىنمۇ ئارتۇق ئىشنى دەپ بېرەيمۇ؟“ دېگەن ئىدى، ساھابىلەر دەپ بەرسىلە دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى تۈزەشتۇر، ئارىنىڭ بۇزۇلۇشى دىللارنى خاتىرجەمسىزلەندۈرىدۇ“ دېدى. ئاداۋەت تۇتقۇچىلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇش توغرىسىدا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: **"مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار"** {سۈرە«ھۇجۇرات» (49-سۈرە)، 10-ئايەت}. **"ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھ(نىڭ ئازابى)دىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق"** {سۈرە«مائىدە» (5-سۈرە)، 2-ئايەت}. مۇشۇ ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى بويىچە، ئاداۋەت تۇتقۇچىلارنى كېلىشتۈرۈپ قويۇشقا سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. ئەگەر ئۇنداقلارنى كېلىشتۈرۈش جەريانىدا بەزەن يالغان سۆز ھەرىكەتلەرنى قىلسىمۇ گۇناھ بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **"ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتىنىڭ تولىسىدا خەيرىيەت يوقتۇر، پەقەت سەدىقىغە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە ئەمر قىلغان كىشىلەر(نىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى ئۇ(ئىش)لارنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىمىز"** {سۈرە«نىسا»(4-سۈرە)، 114-ئايەت}. مۇشۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاداۋەت تۇتقۇچىلارنى ياراشتۇرغۇچىلارغا ئاللاھ تائالا كاتتا مۇكاپات بېرىدۇ، مۇسۇلمانلارنى ئاللاھ كۆرسەتكەن بۇ ئۇلۇغ ئىسلام دىنى كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ”ئاداۋەت“ دېگەن بۇ ناچار ئىللەتنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغان جەننەتكە يۈزلىنىشكە رىغبەتلەندۈرەيلى!

(ئاپتور. مارالبېشى ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى. شەمشىدىن ھاجى)

# ئائىلە قۇرۇش، بالا تەربىيىلەش توغرىسىدا

ياقۇپ ھەمدۇللا

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى. جەمئىيەتنى چوڭ بىنا دېسەك، ئائىلە شۇ بىنانىڭ بىر خىشى. ئائىلە نىكاھلانغاندىن كېيىن شەكىللىنىدۇ. نىكاھلىنىش دېگىنىمىز، قارشى جىنسلىق ئىككى كىشىنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولۇپ، ئەۋلاد قالدۇرۇپ، بەختلىك ئائىلە قۇرۇش ئۈچۈن جەم بولۇشى دېگەنلىك. ئائىلە قۇرغاندىلا ئىشقى ھېسسىياتنى ھارامدىن ساقلاپ، بىر-بىرىدىن مەنپەئەتلىنىپ بەختلىك ياشىغىلى ۋە نەسىل قالدۇرغىلى بولىدۇ.

ئادەم ئاتىدىن تارتىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە ھەممە پەيغەمبەرلەر نىكاھلانغان. نىكاھلىنىش ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسى، پەيغەمبەر سۈننىتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "نىكاھ مېنىڭ سۈننىتىم، كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىم ئەمەس" (بۇخارى رىۋايىتى) دېگەن ئىدى، يەنە "ئى ياشلار جامەسى! سىلەردىن قىلىشقا قادىر بولغانلىرىڭلار توي قىلسۇن! توي قىلىش كۆزنى ۋە جىنسىي ئەزانى ھارامدىن ساقلاپ قالىدۇ، توي قىلىشقا قادىر بولالمىغانلار روزا تۇتسۇن! روزا تۇتۇش ئۇنىڭ ئىشقى ھەۋىسىنى پەسەيتىدۇ" (بۇخارى رىۋايىتى) دەپ چاقىرىق قىلغان ئىدى. ئەقلى نورمال، بالاغەتكە يەتكەن، توي قىلىش شارائىتى بارلار توي قىلمىسا گۇناھ بولىدۇ. قىسمەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ناتوغرا ئەقىدە - ئىخلاسى غالىب كېلىپ، بارلىق مەنىۋى - ماددىي مەنپەئەتلەردىن ۋاز كېچىپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ توي قىلىشنى رەت قىلىشى بىدئەت ھېسابلىنىدۇ، بىدئەت ئەمەلنىڭ ھەممىسى رىيا، رىيا دېگەن گۇناھ، گۇناھ سىزنى دوزاخقا باشلايدۇ.

ئىسلام دىنى توي قىلىپ ئائىلىلىك بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئائىلىلىك بولغاندىلا ئاتا- ئانا بولغۇچى ئائىلىدە، جەمئىيەتتە ھوقۇق، مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلالايدۇ، توي قىلىش جەمئىيەت ئۈچۈن ياخشى ئىز باسار يېتىشتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بالىلارنىڭ كېلەچىكى، مىللەتنىڭ ئۈمىدى ئاتا- ئانىلاردا. ئائىلە بالىلارنىڭ ئىپتىدائىي مەكتىپى، ئاتا- ئانىلار بالىلارنىڭ ئۇستازى، تەربىيەچىسى، يېتەكچىسى، ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئىللىق مېھرى بىلەن كۆيۈنۈپ، ئۇلارنى ئىنچىكە ئەستايىدىل تەربىيىلەپ، زېرىكمەي-تېرىكمەي ئۆگىتىپ، ۋۇجۇدىدا بارىنى بالىلارغا ئاتىغاندىلا سۈپەتلىك، يارامىلىق ئەۋلاد تەربىيىلەپ چىقالايدۇ.

بالا — ئائىلىنىڭ بەختى، زىننىتى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى، ئامانىتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **"ماللار ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر"** {سۈرە «كەھف»نىڭ بىزگە ئاتا قىلغان چوڭ ئىنئامى. ش (18-سۈرە)، 46-ئايەت}. دېمەك، بالا ئاللاھ ۋە ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىپ، ئاللاھنىڭ نېمىتىنى قەدىرلەپ، ئاسراپ،

ياخشى تەربىيلەش بىزنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى بۇرچىمىز، پەرزىمىز، بۇ بۇرچىمىزدىن قىيامەت كۈنى چوقۇم ھېساب بېرىمىز. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''سىلەر ھەممىڭلار پادىچى، پادىچى بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ پادىسىدىن سوئال قىلىنىدۇ، **ئىمامۇ ئۆز جامائىتىگە نىسبەتەن پادىچىغا ئوخشايدۇ، ئۇمۇ ئۆز پادىسى بولغان جامائەتتىن سوئال قىلىنىدۇ. ئەر كىشىمۇ ئۆز ئائىلىسىگە نىسبەتەن پادىچىغا ئوخشاش، ئۇمۇ ئائىلىسىدىن ئىبارەت بولغان** بىر بۆلەك پادىسىدىن سوئال قىلىنىدۇ'' دېگەن ئىدى. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بىلىملىك، تالانتلىق، قابىلىيەتلىك، پەزىلەتلىك سانسىزلىغان ئالىم، ئىنژېنېر، سىياسىيون، قوماندانلارغا باغلىق. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشالايدىغان ئالىم، ئىنژېنېرلار دەسلەپتە ئائىلىلەردىن تەربىيىلىنىپ يېتىشىپ چىقىدۇ. شۇڭا بالىلارنى جەمئىيەتكە يارامىلىق قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئالدىدا سوراققا تارتىلماسلىق، جەمئىيەتتە يەرگە قاراپ قالماسلىق ئۈچۈن ئائىلىدە بالىلارنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىش، زېھىن ئىشلىتىش، مەبلەغ سېلىش كېرەك.

ئىسلام دىنىنىڭ باشلامچىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ پەخرى، ئالىملارنىڭ سەرخىلى، كامالەتكە يەتكەن ئۇستاز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: ''خالايىق **ئىچىدىكى ئاللاھقا ئەڭ ياخشى كۆرۈنگەنلەر ئۆز بالا - چاقىلىرىغا ئەڭ ياخشىلىق قىلغانلاردۇر''** (بەيھەقى رىۋايىتى) پۈتكۈل كائىناتنىڭ پادىشاھى، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دىكى سۈرە «تەھرىم» (66-سۈرە) نىڭ 6-ئايىتىدە: ''**ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا- چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار''** دەپ قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان، ئەمر قىلغان ئىدى.

ھالبۇكى، بۈگۈنكى دەۋردە بەزى ئاز ساندىكى قېرىنداشلىرىمىز ئىمان- ئېتىقادى سۇسلىشىپ، ئاللاھنىڭ ئەمرى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىنى ئۇنتۇپ، بۇ دۇنيالىققا بەك ھېرىس بولۇپ پۇلپەرەسلىك، ئابرۇيپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىك، راھەتپەرەسلىك، ئىشقىۋازلىق، قىمارۋازلىق، مەيخورلۇققا بېرىلىپ ئائىلىسىنى، خوتۇن- بالىلىرىنى، ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتى، پەرزلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىدۇ؛ پەرزەنتلىرىنىڭ تۇرمۇشى، ئۆگىنىشى، تەربىيىلىنىشى بىلەن كارى بولمايۋاتىدۇ؛ پۇلنى كۆرۈپ كۆزى قىزىرىپ، پۇل قوغلىشىپ ھەممىدىن ۋاز كېچىپ، پۇل تېپىشتا ۋاستە تاللىماي، ھالال-ھارام دەپ ئايرىماي ئەسەبىيلەرچە پۇلخۇمار چاكىنىلارغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ؛ بەزى ئاتىلار پۇل تېپىپ بېلىنى توم قىلىپ كوچا چۆرگىلەپ قىز- چوكانلارغا پوخورلۇق قىلىپ، ھاراق ئىچىپ مەيخورلۇق قىلىپ، سۆيۈملۈك ئايالىنى تاشلاپ، ئۇچرىغان شاللاق ئاياللار بىلەن زىناخورلۇق قىلىۋاتىدۇ؛ بەزىلەر كېچە-كېچىلەردە قىمار ئويناپ، بىر يىل ئىشلەپ تاپقان پۇلنى بىر كېچىدە دوغا تىكىپ، ئۇتتۇلغانچە ئويناپ قەرزگە بوغۇلۇپ ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىۋاتىدۇ؛ بەزىلىرى زەھەر سېتىپ، پايدىنى كۆزلەپ باشقىلارنى تىرىك تۇرغۇزۇپ دوزاخ ئازابىغا تاشلاۋاتىدۇ؛ بەزىلىرى پۇلنى دەپ ۋىجدان، غۇرۇر، نومۇسنى يوقىتىپ ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق قىلىپ قانۇنى جازاغا ئۇچراپ ئۆمۈرلۈك داغدا قېلىۋاتىدۇ؛ قىسمەن ئانىلار ئانىلىق قەدىر - قىممىتىنى يوقىتىپ، پۇل تېپىشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، ئاسانراق پۇل تېپىش ئۈچۈن كوچا سەتەڭلىرىگە ئايلىنىپ ئىشرەتخانىلاردا خالىغان خوجايىنلارغا ھەمراھ بولۇپ، ئاياللار ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولغان ئىپپەت- نومۇسنى سېتىپ، ئەۋرەز تۇڭگىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتىدۇ؛ مۇشۇنداق ۋاپاسىزلىق، نومۇسسىزلىق سەۋەبىدىن ئائىلىدە ماجىرا كۆپىيىپ، ئەر- ئاياللار ئاجرىشىپ، سەبىي بالىلىرىنى يېتىم قىلىپ، ئىللىق ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىۋاتىدۇ، ھەتتاكى، ئىنتايىن پاجىئەلىك تراگېدىيىلەر كېلىپ چىقىۋاتىدۇ.

مۇھىت ــ شارائىت باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئائىلە مۇھىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان ھالەتتە باللارنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن ساغلام ئۆسۈشىدىن قانداقمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولسۇن؟

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» نىڭ سۈرە «مائىدە» (5-سۈرە)نىڭ 90- ئايىتىدە: ”**ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار**“ دەپ ئەسكەرتكەن ئىدى. ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بىزنى ئاگاھلاندۇرغۇچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: ”**زىنا قىلغۇچى كامىل مۆمىن بولغان ھالدا زىنا قىلمايدۇ. ھاراق ئىچكۈچى كامىل مۆمىن بولغان ھالدا ھاراق ئىچمەيدۇ. ئوغرىلىق قىلغۇچى كامىل مۆمىن بولغان ھالدا ئوغرىلىق قىلمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى بۇلىغۇچى كامىل مۆمىن بولغان ھالدا ئۇلارنى قارىتىپ قويۇپ ماللىرىنى بۇلىمايدۇ**“ دېگەن ئىدى.

دېمەك، بۇ ئايەت- ھەدىسلەردە، ھاراق ئىچكەن، قىمار ئوينىغان، پال سالغانلار بۇتپەرەسلەر بىلەن قاتار قويۇلۇپ، ئۇ ئىشلار شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىق دېيىلىش ئارقىلىق، بۇ ئىشلارنىڭ سۈپىتى، شۇ ئىشنى قىلغۇچىلارنىڭ خاراكتېرى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن، ھەمدە زىناخور، قىمارۋاز، ھاراقكەش، ئوغرى، بۇلاڭچىلارنىڭ كامىل مۆئمىن ئەمەسلىكى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. قېرىنداشلار! پۇل تېپىش، پۇل ساناشنىلا ئويلىماي قىيامەتنىمۇ، قىيامەتتىكى سوئال- سوراق، جازا-مۇكاپاتنىمۇ ئويلاپ قويايلى. بۇ دۇنيا پانىدۇر. پانىي ــ يوقىلىدۇ، تۈگەيدۇ. ئاخىرەت باقىدۇر. باقىيدا ئۆلۈش يوق. باقى دوزاخ ئازابىدىن ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي. ئامىن!

ئېلىمىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلغاندىن بۇيان تەرەققىياتىمىز تېز بولدى. خەلقىمىزنىڭ ماددىي تۇرمۇشى يۈكسەلدى. بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغان ئەۋزەل شارائىتتا بىر قىسىم ئىقتىدارلىق، قابىلىيەتلىك، ئەقىللىق كىشىلەر ئۆزىنىڭ بىلىم ــ ئىقتىدارىغا تايىنىپ ھالال كەسىپ قىلىپ، كۆپ پۇل تېپىپ، تېز باي بولدى. تاپقان پۇل ماللىرىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ خەيرى- ئېھسان قىلىپ، ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلدى. غۇلجىدىكى نۇرتاي ھاجىمدەك ئۆز پۇلىدىن يېتىملار مەكتىپى ئېچىپ يۈزلىگەن ئوقۇشسىز قالغان يېتىملارنى ئاتا-ئانا مېھرى، مەكتەپ قوينىغا قايتۇرۇپ كەلگەنلەر كۆپىيىۋاتىدۇ. ئۇلار ئەڭ مېھرىبان، ئەڭ شەپقەتلىك ئاللاھ ئېيتقاندەك: ”**ماللىرىنى كېچە- كۈندۈز، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا خەير-ئېھسان قىلىدىغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم قايغۇ بولمايدۇ**“{سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 274- ئايەت}.

بەزى ئائىلىلەر ھورۇنلۇق، قاشاڭلىق قىلىپ ئەمگەكتىن، جاپادىن قېچىپ، تەييارنى كۆرسە جىقراق يەپ كېكىرىپ، يوق بولۇپ قالسا قىسىلىپ كۈن ئېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئاللاھ رىزىق تېپىپ يېيىش ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن تېرىلغۇ يېرىگە تەر تۆكۈپ ئىشلىمەيدۇ ياكى ئاللاھ ھالال قىلىپ بەرگەن سودا سېتىق، كەسىپنى قىلمايدۇ. ھورۇنلۇق ــ كەمبەغەللىكنىڭ ئانىسى. ھورۇن — بوشاڭلىقىدىن كەمبەغەللىشىپ جان باقالمايدۇ. يوقسۇزلۇقنى بانا قىلىپ ئوقۇش يېشىدىكى باللىرىنى مەكتەپتىن توختىتىۋالىدۇ. ئۆزى ھەرىكەت قىلماي باللىرىنى پۇل تېپىشقا مەجبۇرلايدۇ ياكى ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا سالىدۇ. بەزى ئاتا-ئانىلار كىرىمى ياخشى بولسىمۇ يەنىمۇ جىقراق پۇل تېپىش ئۈچۈن باللىرىنى مەكتەپتە ئوقۇتماي تىجارەت قىلىشقا زورلايدۇ. يەنە بەزى ئاتا-ئانىلار بالا ئوقۇتقۇدەك دارامىتى بولسىمۇ بىلىمنىڭ قەدرىنى بىلمەي، باللىرىنىڭ كېلەچىكىنى ئويلىماي، بىپەرۋالىق قىلىپ،

”قەستەن ئوقۇش پۇلى، كىتاب پۇلىغا چىقىشالمىدۇق“ دەپ بالىلىرىنى ئوقۇشتىن قالدۇرۇپ قويىدۇ. نەتىجىدە مەكتەپ تەربىيىسىدىن، بىلىم ئېلىش پۇرسىتىدىن ئايرىلىپ قالغان سەبىيلەرنىڭ بەزىلىرى دىلى يارا، قولى قارا ئەمگەكچى، بەزىلىرى دىلى قارا ئالدامچى، ساختىپەز، يانچۇقچى، ئوغرى، بۇلاڭچىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. بەزى سەبىي قىزلار بالا باققۇچى، بەزىلىرى تېنىنى سېتىپ پۇل تاپقۇچى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بەزى ياشلىرىمىز غەرب مەدەنىيىتى — جىنسىي ئەركىنلىكنى مودا بىلىپ، تېنىنى يالىڭاچلاپ، ھېسسىياتىنى يالىڭاچلاپ، شەھۋانىي ھەرىكەتلىرىنى يالىڭاچلاپ، كېچىلەردە تانسىخانا، مەيخانا، ئىشرەتخانىلاردا قولتۇقلىشىپ، ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ، ھارامدىن تويۇنۇپ، ئۆتكەن كۈنگە خۇش بولۇپ ئائىلىلىك بولماي (توي قىلماي) يۈرۈۋاتىدۇ. بەزىلىرى ھاراق ئىچىپ پىيانچۇك بولۇپ، بەزىلىرى زەھەر چېكىپ تىرىك ئەرۋاھ بولۇپ ھالىدىن كېتىپ يارىماس لەقۋالارغا ئايلىنىۋاتىدۇ. بەزى چىرايلىق، نازاكەتلىك قىزلىرىمىز نازۇ-كەرەشمىسىنى بازارغا سېلىپ، شەھۋەتخورلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ، پۇلىنى تېپىپ، تاپ قۇشلىرىدەك ھارامدىن تويۇپ، ئەۋرەزدە بۇلغىنىپ يۈرۈۋاتىدۇ. بەزىلىرى ئېشەكتەك ئۇچرىغان يەردە جۈپلىشىپ، ئەۋرەزدىن تامغان ھامىلىلەرنى دورا يەپ ئۈجۈقتۇرۇپ، سۈنئىي ئۇسۇلدا قىرغۇزۇپ قاتىللىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. بەزىلىرى توخۇدەك تۇغقان يەردە تاشلىۋېتىپ ھېچنېمە بىلەن كارى يوق گۇناھقا پېتىپ يۈرۈۋاتىدۇ. تاشلىۋېتىلگەن بوۋاق، تاشلىۋېتىلگەن يېتىم بالىلار كۆپىيىۋاتىدۇ. بىر قىسىم مەكتەپلەردە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارمۇ ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىدىن نەتىجىسى لاياقەتلىك بولماي، يۇقىرى مەكتەپلەرگە ئۆتەلمىسە، ئىشلەش يا كەسىپ قىلىشنىڭ ئورنىغا تۈيۈق يولغا كىرىپ كوچىغا چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. بىر قىسىم ئىشتىن بوشىتىلغان ياشلارمۇ بىرەر كەسىپكە ئورۇنلىشالمىسا قايمۇقۇپ ناتوغرا يوللارغا مېڭىۋاتىدۇ.

بۇ خىل بىنورمال ئەھۋال ئائىلىلەرنىڭ خاتىرجەملىكىنى، يۇرت-مەھەللىنىڭ ئامانلىقى، جەمئىيەتنىڭ تىنچ، مۇقىملىقىنى بۇزۇپ بالايى ئاپەتكە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئويلىسىڭىز يۈرىكىڭىز ئېچىشىدۇ، كۆرسىڭىز ئىچىڭىز ئېچىشىدۇ. مۇنداق يىرگىنىشلىك، ھالاكەتلىك گۇناھلارغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇش توغرا ئەمەس. ئاللاھ «قۇرئان كەرىم» نىڭ سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)نىڭ 104- ئايىتىدە: ”**سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر**“ دېگەن ئىدى. بىز ئاتا-ئانا بولغۇچىلار، ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنىلارمۇ بالىلىرىمىزغا، دىنىي قېرىنداشلىرىمىزغا ياخشى تەربىيە قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى، ئىجابىي تەرەپلىرىنى كۆپرەك سۆزلەپ ئۇلارنى قايىل قىلساق ئاللاھ بىزگە ساۋاب ئاتا قىلىدۇ. ناشايان ئىشلارنى كۆرگەندە قول بىلەن توسۇپ، تىل بىلەن چەكلەپ، دىل بىلەن غەزەپ قىلىش كېرەك. ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ كەلىمىلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇش كېرەك: ”**ئۇنداق ئەمەس (سىلەرنى دوزاخ ئوتى كۆيدۈرىدۇ)، گۇناھ قىلغان ۋە گۇناھقا چۆمۈپ كەتكەنلەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ**“{سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 81- ئايەت}. ”**كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ھىدايەت تاپقانلىقىنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. كىمكى ئازىدىكەن، ئازغانلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر**“ {سۈرە «بەنى ئىسرائىل» (17-سۈرە)، 15-ئايەت}. ”**ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ**“{سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 222-ئايەت}.

مىللىتىمىزدە بۇ خىل كىرىزىسنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى بىلىمسىزلىك، نادانلىق، قالاقلىقتىن دەپ تونۇيمەن. نادانلىق — ئىپلاسلىق. نادانلىق بارلىق گۇناھلارنىڭ ئانىسى. بىلىم- ئەڭ قۇدرەتلىك قورال. بىلىم — سىزنى بۇ دۇنيادا بەختلىك، ئاخىرەتتە سائادەتمەن قىلىدۇ. بۇ دۇنيادا بەختلىك ياشايمەن دەيدىكەنسىز جەمئىيەتتە بىرەر ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك بىلىم، تېخنىكىڭىز بولۇشى كېرەك. جەمئىيەتتە بىلىمى يوقنىڭ ئىشى يوق. بىكارچىلىق سىزنى چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ، ھورۇن، يارىماس، تىرىك مۈردىغا ئايلاندۇرىدۇ. بىلىم ئىقتىدارىڭىز بولسىلا ئۆز يولىڭىزنى ئۆزىڭىز تېپىپ، ئۆز ئىشىڭىزنى ئىدىتلىق قىلىپ، ئائىلىدە بەختىنىڭ قەنتىنى چاقالايسىز. ''ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى'' دېگەن ئەقلىيە سۆز بار. ھازىر دۇنيادا ئىلىم ئىگىلىكى ھۆكۈمران. كىم يۇقىرى پەن- تېخنىكا ئىگىلىسە شۇ كۈچلۈك. بىر دۆلەت، بىر قەۋم، بىر شەخسنىڭ تەقدىرى، ئىستىقبالى ئىلىم بىلەن باغلانغان. ئىلىم-پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ئىگىلىگەنلەر غالىب، كۈچلۈك، ئىلىم-پەندە كەنجى قالغانلار ئاجىز، زەبۇن. ھەر بىر ئاتا- ئانا بالىلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى، بەختلىك بولۇشىنى ئارمان قىلىدۇ. بەخت-سائادەت گۈزەل ئارزۇ، شېرىن خىيال بىلەن كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆرەش قىلىش، ئىزدىنىش، تىرىشىش كېرەك. مانا بۇلار ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئىزچىل تەشەببۇسى.

بالىلىرىمىزنىڭ تەقدىر-ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئويلىساق، ئۈمىد ماڭارىپتا. مائارىپ دېگىنىمىزگە، ئىنسان بالىسىنىڭ بىلىمى، ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇدىغان، ئاڭ-پىكىر، ئەخلاق- پەزىلىتى، مىجەز-خاراكتېرىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدىغان بارلىق تەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى كىرىدۇ. شۇڭلاشقا بالىلارغا ئائىلىدە، مەكتەپتە، جەمئىيەتتە نىشانلىق، پىلانلىق، سىستېمىلىق ھالدا بىلىم بېرىش، ماھارەت، ئىقتىدار، ھۈنەر ئۆگىتىش، ئۇلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ، ئۇلارنى تېنى ساغلام، ئىدىيە، ئەخلاقى گۈزەل قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك تەكلىپ- پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن:

1. بالىلارغا غايە تەربىيىسى بېرىش كېرەك. غايە — ئىنسانلارنىڭ ھايات ياشاشتىكى مەقسەت نىشانى. بالا ئەقلى يېتىلىپ، يېشى توشۇپ مەكتەپ بوسۇغىسىغا كىرىشتە مەن كىم بولىمەن؟ قانداق ياشايمەن؟ دېگەنلەرنى ئويلايدۇ. بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى مەقسىتىگە پۈكىدۇ. مانا بۇ غايە. غايە ئىچىدىن يانىدىغان دۇڭگاتېل. ئادەم غايىدىن ئىبارەت ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە ھايات مەنزىلىنى نىشانلاپ توختاۋسىز ئىلگىرىلەيدۇ. ئۆز ھاياتىنى غايىسىگە يېتىشتىن ئىبارەت جەريانغا بېغىشلايدۇ. غايىگە يېتىدىغان ئىرادىگە كېلىدۇ. كۈچ- قۇۋۋەتكە تولىدۇ. غايىلىك، ئىرادىلىك ئادەم ئىزچىل تىرىشسا مۇۋەپپەقىيەت مەنزىلىگە چوقۇم يېتەلەيدۇ.

2. بالىلارنى ئوقۇتۇش كېرەك. ئاللاھ تائالا بىز ئىنسانلارغا نۇرلۇق كىتابىنى نازىل قىلغاندا تۇنجى نازىل بولغان «ئەلەق» سۈرىسىنىڭ ئالدىنقى بەش ئايىتىدە **''ئوقۇ''**، **''قەلەم بىلەن ياز''**، **''بىلمىگەننى ئۆگەن''** دېگەن ئۈچ مۇقەددەس كالامدىن باشلىغان، ئوقۇش، يېزىش، ئۆگىنىش — بىلىم ئېلىشنىڭ ئۈچ ئەڭگۈشتەرى. كۆپ ئوقۇپ، كۆپ يېزىپ، كۆپ ئۆگەنگەندىلا بىلىم شەربىتى دىلىمىزغا سىڭىدۇ. جىسمىمىزغا كۈچ، كاللىمىزغا ئەقىل تولىدۇ. ئاللاھ تائالا بىز بەندىلىرىنى ئىككى ئالەملىك بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان ئىلىمنى بىزگە تەۋسىيە قىلغان. يولباشچىمىز، ئۇستازىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: **''كىمكى ئىلىم ئىزدەش يولىغا كىرسە ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ''**، **''ئىلىم ئالغان ئادەم چوڭ نېسىۋە ئالغان بولىدۇ''** دېگەن ئىدى. بالىلىرىمىزنى ئۈچ ياشقا كىرگەندىن باشلاپ ''ئوقۇ'' دەيلى، قولىغا قەنتلا ئەمەس، يەنە قەلەم

تۇتقۇزۇپ ''ياز''، ''ئۆگەن'' دەيلى. ئوقۇش، يېزىش، ئۆگىنىشنى ئۇلارغا مەڭگۈلۈك ۋەزىپە قىلايلى. بۇ بىز ئاتا- ئانىلاردىكى مەجبۇرىيەت. ئاللاھ ئەمر قىلغان پەرز، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى.

3. باللىرىمىزنى ئوقۇتۇشقا مەبلەغ سالايلى. باللىرىمىزغا 3 ييېشىدىن باشلاپ ئوقۇش، يېزىش، ئۆگىنىشكە شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. مەيلى يەسلىدە، باغچىدا، مەكتەپتە ياكى ئائىلىدە ئوقۇسۇن، ئۇلارغا شارائىت هازىرلاپ بېرەيلى. بەزى قېرىنداشلىرىمىز باللىرىنى مەكتەپكە بېرىدۇ. لېكىن نېمە ئۆگىنىۋاتقانلىقى، قانداق ئۆگىنىۋاتقانلىقى، قانچىلىك ئۆگەنگەنلىكى بىلەن كارى بولمايدۇ، كۆرمەيدۇ، سورىمايدۇ، هەيدەكچىلىك قىلمايدۇ. بەزى ئاتا-ئانىلار ئۆزى كۈنىگە بىر قاپ تاماكا(ئەڭ ئەرزىنى 2 سوم) چېكىدۇ. ئۇن نەچچە سومغا هاراق ئىچىپ مەست بولۇشقا پۇلى كەم ئەمەس. ئەمما بالىسى ئايدا دەپتەر ئالىمەن دېسە 2 سوم بەرمەيدۇ. «تارىم غۇنچىلىرى»غا مۇشتىرى بولاي دېسە، پۇل يوق، دەپ ھۆرپىيىدۇ. نەچچە مىڭ، نەچچە تۈمەن خىراجەت قىلىپ، ''بۆشۈك توي''، ''تۇغۇلغان كۈن''، ''نەزىر''، ''خەتنە توي'' ئۆتكۈزىدۇ. لېكىن كومپيۇتېر ئېلىشقا زادى قوشۇلمايدۇ. بەزى ئانىلار بىر كۆڭلەك، بىر پەلتۇغا نەچچە يۈز سوم، نەچچە مىڭ سومنى ئايىماي خەجلەيدۇ. بالىسى بىرەر كۇرستا ئوقۇيمەن، چەتئەل تىلى، كومپيۇتېر ئۆگىنىمەن، دېسە پۇلى يوق. پەرۋىشسىز مايسا، تاشلىۋېتىلگەن كۆچەت مېۋە بەرمەيدۇ. باللارنىڭ ئوقۇشىغا كۆپرەك مەبلەغ سالغاندىلا ئۇلار كۆپرەك بىلىم ئالالايدۇ. ئەقىل كۈچكە سالغان مەبلەغ ھەسسىلەپ ئۆزىگىزگە يانىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''ئىلىم بىر خەزىنىدۇر'' (ئەبۇ نەئىم رىۋايىتى)، ''كىمكى ئىلىم ئۆگىنىش، ئادەم تەربىيىلەش يولىدا بىر ياماق خەجلىسە، ئاللاھ جەننەتتە بىر ساراي تەييارلايدۇ'' دېگەن. مائارىپقا، بىلىم ئېلىشقا مەبلەغ سېلىش ئەڭ كاتتا سەدىقات ھېسابلىنىدۇ. سەدىقاتنىڭ بەرىكىتىنى ئاللاھ بېرىدۇ. ئىلىم ئېلىش — ئاللاھقا يېقىنلىشىش دېمەكتۇر.

4. ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش كېرەك. ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىشتىكى مەقسەت ئۆگەنگەن بىلىمنى تەھلىل قىلىپ، چۈشىنىپ، دىلغا مەھكەم ئورنىتىش ھەم شۇ ئۆگەنگىنىنى ئىشلىتىپ، ئەمەلىي ئۇنۇمگە ئېرىشىش. ئاللاھ تائالا ئادەم ئاتىنى ياراتقاندا ئاۋۋال ئەقىل ئاتا قىلغان. ئىنسان ئەقىل ئىشلىتىشنى بىلگىنى ئۈچۈن ھەممە مەخلۇقتىن ئۇلۇغ. بىز ئاللاھ بەرگەن ئەقىلنى ئىشلىتىپ ئىلىم ئۆگىنىمىز. ئۆگەنگەننى چۈشىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈش، ئىشلىتىش ئارقىلىق ئەقىلنى تولۇقلىغىلى، كامالەتكە يەتكۈزگىلى بولىدۇ. ئىنسان ئەقىل بىلەن قىلغان ئىشىدىن چوقۇم نەتىجە قازىنىدۇ. باللارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشقا زور كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. باللىرىمىز كىچىكىدىنلا كۆپرەك كۆزىتىشى، كۆرۈشى، كۆپرەك ئوقۇپ، كۆپرەك ئويلىنىشى كېرەك. كىچىك چېغىدا يېتىلەپ يۈرۈپ شەيئىلەرنى كۆرسىتىپ تونۇتۇش، سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش، سوئال سورىسا ئېرىنمەي جاۋاب بېرىش، رەسىملىك كىتاب، زېھىن سىنايدىغان ئويۇنچۇقلارنى ئوينىتىش، ئاخشاملىرى چۆچەك، قوشاق، تېپىشماقلارنى ئېيتىپ بېرىش، يەسلىدىن، مەكتەپتىن كەلگەندە چامىسى يەتكۈدەك ئىشلارغا سېلىش، تاپشۇرۇقنى مۇستەقىل ئىشلەتكۈزۈش، دەرستىن، كىتابلاردىن سوئال سوراپ بېقىش، ئەقىل سىناش ئېلىپ بېرىش كېرەك. باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە كۇرۇژۇكلارغا قاتناشتۇرۇش، مۇستەقىل ئويلاپ، مۇستەقىل ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش، ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش، ئىجادچانلىق روھىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ئائىلىدە ياخشى- ياماننى، پايدا- زىياننى، ھالال-ھارامنى تونۇتۇپ ياخشىلارنى ئۈلگە قىلىش، يامانلاردىن ئىبرەت ئېلىش، پايدىلىق ئىش بولسا كىچىك كۆرمەي قىلىش، زىيانلىق ئىشنى كىچىك بولسىمۇ قىلماسلىققا تەربىيىلەش كېرەك. ئەقىل

توغرىسىدا «قۇرئان كەرىم»دە 49 ئايەت كەرىم بار. ئىسلام دىنى ئەقىلغە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. بىزمۇ بالىلىرىمىزنىڭ ئەقىللىق بولۇشىغا ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك.

5. بالىلارنى ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق تەربىيىلەش كېرەك. ئىسلام دىنى گۈزەل ئەخلاق، ئېسىل پەزىلەتتە بىزنىڭ ئەڭ كاتتا ئۈلگىمىز. **"سىلەرگە ــ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر"** {سۈرە «ئەھزاب» (33- سۈرە)، 21- ئايەت}. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: **"قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى قىرائەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر"** دېگەن ئىدى. مۇقەددەس دەستۇرىمىز «قۇرئان كەرىم» ئىنسانىيەتتە بولۇشقا تېگىشلىك ھەممە ياخشىلىقنى قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ، ئىنسانىيەتكە زىيانلىق بولغان ھەممە يامان ئىشنى چەكلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"مەن گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم"** دېگەن ئىدى. شۇڭا بىز مۇسۇلمانلارمۇ ھەر دائىم بالىلارغا ئەخلاقىي تەربىيىنى مەركەز قىلىپ تۇتۇشىمىز كېرەك. ئاللاھ تائالا بىزنى: **"(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر"** {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 110-ئايەت} دەپ سۈپەتلىگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ: **"ئاتا-ئانا ئۆز بالىسىغا ياخشى ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىتىشتىن ئويدانىراق نەرسە، يەنى ئوزۇق بېرەلمەيدۇ"**(تىرمىزى رىۋايىتى) دېگەن. دېمەك، بالىلارنى ئەدەپ-ئەخلاقلىق تەربىيىلەش، ئۇلارغا ياخشى ئىش، ياخشى خۇلقنى ئۆگىتىش، ئۇلارنى خاتا ئىش، گۇناھتىن توسۇش ــ ئاللاھنىڭ ئەمرى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى، بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز. ئىنسان ئېسىل پەزىلىتى، ياخشى ئەدەپ-ئەخلاقى بىلەن گۈزەل. ياخشى تەربىيە كۆرگەن بالىلارنىڭ دىلى گۈزەل، تىلى گۈزەل، ھەرىكىتى گۈزەل بولىدۇ. دىلى، تىلى، قولى گۈزەل بولغاندا ھەممە يەردە گۈزەل مۇھىت يارىتالايدۇ. باللار ئەخلاقلىق بولسا كۆڭۈللەر خاتىرجەم بولىدۇ. ئۈمىد ــ ئىشەنچىمىز ئارتىدۇ. ياخشى تەربىيە كۆرگەن باللار ياخشىلاردىن ئۈلگە، يامانلاردىن ئىبرەت ئالىدۇ. ساپ ئالتۇن ئەخلەتتە كۆمۈلۈپ كەتسىمۇ دات باسمىغاندەك، ئۇلار ھەر قانچە بۇزۇقلارنىڭ ئىچىدە تۇرسىمۇ ئىرادىسى تەۋرەنمەيدۇ. بۇنداق گۈزەل ئەخلاقلىق ئوقۇغۇچىلار ئىلمىنىمۇ تىرىشىپ ئىگىلەپ تېز ئالغا باسىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: **"ئەخلاق ــ دەرەخ، ئىلىم ــ مېۋە، دەرەخ بولمىسا، نەدىمۇ مېۋە بولسۇن"** دەپ ئىلىم بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبرازلىق ھالدا ئىنتايىن توغرا شەرھلەپ بەرگەن. ھازىر بالىلارنىڭ ئەخلاقى جەھەتتىن بۇزۇلۇشى ئېغىر بولۇپ، بۇ مەسىلە ئاتا-ئانا بولغۇچىلارنىڭ بېشى قېتىۋاتقان قىزىق نۇقتا. نوتا ئاجىز بولسا كۈچ بەرسەك، سۇلاشسا سۇغارساق، قىيسايسا يۆلەپ قويساق، ئارتۇقچە شاخ-يۇتاق چىقارسا چاناپ تۇرساق، مەزمۇت، تۈز چىرايلىق ئۆسىدۇ. بالىلىرىمىزغا كىچىكىدىن ئائىلىدە گۈزەل مۇھىت يارىتىپ بەرسەك، ياخشى ئىشنى تەرىپلىسەك، يامان ئىشنى سەتلىسەك، بالىلىرىمىز ياخشى ئىش قىلسا قوللىساق، يامان ئىش قىلسا تەربىيە بەرسەك، ھەمىشە بالىلارنى كۆزىتىپ يامان خۇلقنى تۈزىتىشكە ياردەم قىلىپ ھەم قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ياخشىلىققا ئىلھام بېرىپ، ئۈلگە كۆرسىتىپ ئەمەلىي، ئۈنۈملۈك تەربىيە بەرسەك، ئۆز بالىمىزغۇ، تەربىيىلەپ كېتەلەيمىز.

بالىلىرىمىز بار يەردە ھەرگىز تىل-ھاقارەت، ئۇرۇش-تالاش قىلماسلىق، تاماكا چېكىپ، ھاراق ئىچمەسلىك، ئۇرۇشۇپ جېدەللەشمەسلىك كېرەك. بالىلارغا قوپال قىلماسلىق، يالغان سۆزلىمەسلىك كېرەك. سۆزلەشنىڭ ئەدەپلىرى، ئۆي ئىچىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئەدەپلىرى، تائام يېيىش ئەدەپلىرى، كېيىنىش، يۈرۈش-تۇرۇش

ئەدەپلىرى، كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ئەدەپلىرى، مېڭىش- تۇرۇش، بەدەن ھەرىكىتىنىڭ ئەدەپلىرى..... مىللىتىمىزنىڭ ھەممە ياخشى ئۆرپ- ئادەت، ئەدەپ- ئەخلاقلىرىدىن ئىزچىل، ئەستايىدىل تەربىيىلىشىمىز كېرەك.

بىر ئائىلە، بىر مىللەتنىڭ ئەدەپ- ئەخلاقىدىن ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى بىلگىلى بولىدۇ، بالىلىرىمىزنى يۇقىرى سەۋىيىلىك، گۈزەل ئەخلاقلىق تەربىيىلىسەك ئۆزىمىزگىمۇ، ئائىلىگىمۇ، جەمئىيەتكىمۇ، ئىنسانىيەتكىمۇ پايدىسى تېگىدۇ. دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، مىللەتنىڭ روناق تېپىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىنسانلارنىڭ بىلىمدىن، تېخنىكىسىدىن، پەزىلىتىدىن بولىدۇ. بالىلارنى ياخشى تەربىيىلىسەك دۆلەتكە خىزمەت قىلغانلىق، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشقانلىق بولىدۇ.

ئائىلە جەمئىيەتنىڭ كۆزنىكى، بىر ئائىلىنىڭ ئائىلە مۇھىتى، بالىلارنى تەربىيىلەش ئەھۋالىنى تەكشۈرسەك شۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى بىلگىلى بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ يېتىشىپ چىققان ئالىملىرىنى تەكشۈرسەك، شۇ مىللەتنىڭ ساپاسىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئاتا- ئانىلار تەربىيىلىگۈچى، ئۆگەتكۈچى، يېتەكلىگۈچى، جەمئىيەتنىڭ مۇنبەت دالاسىغا ئېسىل سۈپەتلىك ئۇرۇقلارنى چاچقۇچى. ئائىلە بىر پارنىك، سورتلۇق، ئۈنۈمى يۇقىرى مايسىلاردىن ئەلۋەتتە مول ئۈنۈم ئالغىلى بولىدۇ. ''ھوسۇل بېرىدىغان زىرائەت مايسىسىدىن ئايان'' ئەمەسمۇ؟! بالىلىرىمىز ئائىلىدە ئون نەچچە يىل، ھەتتا، 30-40 يىل تۇرىدۇ ئەمەسمۇ، ''ئۇستازى قانداق بولسا شاگىرتى شۇنداق بولىدۇ''. شۇڭلاشقا، بالىلارغا ئائىلىدىكى ئاتا-ئانا تەربىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك، ھەل قىلغۇچ رول ئوينىشى شەكسىز.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادىتى، ۋەتەننىڭ تەقدىرى، مىللەتنىڭ ئىستىقبالى، ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئائىلىدە بالىلارغا بولغان تەلىم- تەربىيىنى بوشاتماستىن چىڭ تۇتايلى. بۇ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، دەۋرنىڭ ساداسى، خەلقىمىزنىڭ ئۈمىدى، بۇ بىزنىڭ بۇرچىمىز، مەسئۇلىيىتىمىز، قەرزىمىز. ئۈمىد بالىلاردا، بالىلار كەلگۈسىنىڭ قورغۇچىلىرى. ھازىر بىز 21- ئەسىردە ياشاۋاتىمىز. 21- ئەسىر ئىلىم ئىگىلىكى دەۋرى. يۇقىرى پەن تېخنىكا، يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئىختىساسلىقلارنىڭ رىقابەت دەۋرى. كونىلار ''ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى'' دېگەن. كىم ئالىم شۇ كۈچلۈك، كىم كۈچلۈك شۇ ھۆكۈمران. بىلىم — كۈچ.

21-ئەسىر كۈچلۈكلەرنى، ئىلىم- پەندە يۈكسەلگەنلەرنى تاللايدۇ. ئاجىزلارنى، بىلىمسىز، مەدەنىيەتسىز، قابىلىيەتسىزلەرنى شاللايدۇ. بىلىم — بەخت، كىم بىلىمنى ھەقىقىي ئىگىلەپ، بىلىمنى ئىشلىتىپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلسا شۇ بەختنىڭ قەنتىنى چاقىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت گۈلىنى تاقايدۇ. 21-ئەسىردە ئادەمدەك ياشايمەن دەيدىكەنسىز توختىماستىن، جاپادا بەل قويۇۋەتمەستىن ئىزچىل تىرىشىپ بىلىم- تېخنىكىنى ئوبدان ئىگىلىشىڭىز لازىم، ئىلىم- پەن ئاسمىنىدا چولپان بولۇشىڭىز كېرەك. ھازىر بىر قەۋم، بىر ئائىلە ، بىر ئادەمنىڭ تەقدىرى بىلىم بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بىز چوقۇم بالىلىرىمىزنى ياخشى ئوقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلىشىگە يار- يۆلەك بولساق، بالىلىرىمىز ئۆگەنگەن بىلىمىدىن خەلققە ئەمەلىي نەپ بېرىدىغان بىرەر ئۈنۈم ياراتسا، بالىلىرىمىز كۈلىدۇ، بەختتىن كۈلىدۇ؛ بىزمۇ كۈلىمىز، پەخىرلىنىپ كۈلىمىز؛ خەلقىمىز كۈلىدۇ، نەپ ئېلىپ كۈلىدۇ. جىقراق كۈلەيلى، كۈلكە بىزگە يار بولسۇن. پۈتۈن ئائىلىمىزگە ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت يار بولسۇن! (ئامىن)

(ئاپتورى: مورى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپتىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىف بايانلىرى ۋە ئايىس كېسىلى

ئابدۇرېقىپ داموللا ھاجى

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

كېسەللىك دېگەن نېمە؟

دۇنيا تىبابىتى جۈملىدىن ئۇيغۇر تىبابىتى ۋە جۇڭگو تىبابىتىنىڭ نەچچە ئەسىرلىك كۆزىتىش، تەتقىق قىلىش ھەم داۋالاش يەكۈنىگە ئاساسلانغاندا: "ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئادەم بەدىنىدىكى مەلۇم ئەزانىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پاتالوگىيىلىك ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان بەدەندىكى ھەر خىل بىنورمال ئۆزگىرىشلەر كېسەللىك دەپ ئاتىلىدۇ".

كېسەللىك تارىخى ئىنسانىيەت تارىخى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئىنسانلار ئۇزاق ئەسىرلىك ھايات مۇساپىسى جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا، ھاياتىغا تەھدىت سېلىپ كېلىۋاتقان شەيئى ياكى ھادىسىلەرنى ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىش، ئۇنى داۋالاشقا باشلىغان، يەنى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىغا، سالامەتلىكىگە پايدا يەتكۈزىدىغان ياكى زىيان يەتكۈزىدىغان ئاكتىپ ۋە پاسسىپ ئامىللارنى پەرقلەندۈرۈپ، ئۇلارغا مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللانغان. دېمەك، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ھەر قايسى دەۋر باسقۇچلىرىدا ياشىغان ئىنسانلار ئەينى دەۋردە پەيدا بولغان كېسەللىكلەرگە نىسبەتەن كۆزىتىش، مۇداپىئەلىنىش، ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش پائالىيەتلىرىدە بولغان. بۇ خىل پائالىيەت ئىسلام دىنى روناق تاپقان ۋە ئىسلام دىنى تارقالغان رايونلاردىمۇ ئوخشاشلا ئېلىپ بېرىلغان.

ئىنسان ئورگانىزمىنىڭ ۋەزىپىسى تولۇق ئادا بولماسلىق ياكى تولۇق يۈرۈشمەسلىكتىن، شۇنداقلا ئورگانىزم ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئېغىر مىكرۇپلانغانلىقتىن مەلۇم بىر ئەزانىڭ پائالىيىتى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. بۇ سەۋەبلەردىن كېسەللىك پەيدا بولىدۇ ھەم ھەر خىل كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ تارىخى، سۈپەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. شۇڭا بۇ كېسەللىكلەردىن ساقلىنىش، مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇلارنى داۋالاشمۇ پەرقلىق بولىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان كەرىم»دىمۇ كېسەللىككە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە كۆرسىتىلىشىچە، كېسەللىك چوڭ جەھەتتىن ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچىسى روھى كېسەللىك، ئىككىنچىسى، جىسمانىي كېسەللىك.

روھىي كېسەللىك «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق بايان قىلىنغان: "**ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل(يەنى مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىش)بار، ئاللاھ ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۈچەيتىۋەتتى**" {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 10-ئايەت}.

جىسمانىي كېسەللىكلەر توغرىسىدا بولسا، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن: "**ئەماغا گۇناھ بولمايدۇ، توكورغىمۇ گۇناھ**

**بولمايدۇ، كېسەلگىمۇ گۇناھ بولمايدۇ“** {سۈرە«فەتىھ»(48-سۈرە)، 17-ئايەت}.

**” (بۇ پەرز قىلىنغان روزا) ساناقلىق كۈنلەردۇر، سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ(روزا تۇتمىغان بولسا)، تۇتمىغان كۈنلەرنى(يەنى قازاسىنى) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن“** {سۈرە«بەقەرە»(2-سۈرە) 184-ئايەت}.

بۇ ئايەتتىن شۇنى كۆرۈۋالىمىزكى، ئاللاھ كېسەللەرگە، شۇنىڭدەك يولۇچىغىمۇ روزا تۇتماسلىقنى رۇخسەت قىلغان؛ بۇنداق قىلىشى كېسەل كىشىنىڭ كېسەلدىن تېزراق ساقىيىشى، مۇساپىرنىڭ مۇساپىرچىلىقتا بەدەن قۇۋۋىتىنى ساقلاپ، كېسەل بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، كېسەل كىشى روزا تۇتسا، تېنى تېخىمۇ ئاجىزلاپ، ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ. شۇڭا، كېسەل كىشىنىڭ تېزراق ساقىيىشى ئۈچۈن روزا تۇتماسلىق رۇخسەت قىلىنغان. يولۇچى سەپەردە روزا تۇتسا سەپەردىكى مۇشەققەت تۈپەيلىدىن بەدەندىكى ئېنېرگىيە خوراپ، قۇۋۋەت يوقاپ، ئۇ كىشىنىڭ سالامەتلىكىگە خەۋپ يېتىدۇ. دېمەك، يېتىش ئالدىدا تۇرغان خەۋپ-خەتەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن يولۇچىغىمۇ روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلىنغان.

**” سىلەردىن كىمكى كېسەل(يەنى چېچىنى چۈشۈرمىسە زىيان قىلىدىغان كېسەل)ياكى بېشىدا ئىللەت(يەنى باش ئاغرىقى، پىتقا ئوخشاشلار) بولۇپ (بېشىنى چۈشۈرسە)، فىدىيە قىلىش يۈزىسىدىن(ئۈچ كۈن) روزا تۇتسۇن ياكى(ئالتە مىسكىنگە ئۈچ سا) سەدىقە بەرسۇن ياكى (بىرەر مال) قۇربانلىق قىلسۇن“** {سۈرە «بەقەرە»(2-سۈرە)، 196-ئايەت}.

بۇ ئايەتتىن شۇنى كۆرۈۋالىمىزكى، ئاللاھ تائالا ھەجدىكى ئېھراملىق ھالەتتە چاچ ئالدۇرۇشنى رۇخسەت قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما كېسەللەرگە ۋە باش قىسمىغا ئەزىيەت يەتكەنلەرگە چاچنى ئالدۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان، شۇ ئارقىلىق شۇ ئەزىيەتنى يوقىتىپ، ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلاش مەقسەت قىلىنغان.

دېمەك، بارلىق ئىنسان ئۆز بەدىنىدىكى پايدىسىز ئامىللاردىن ساقلىنىشى زۆرۈر. ئىنسان بەدىنىگە پايدىسىز ئامىللار تۆۋەندىكىدەك 10 تەرەپتىن كۆرۈلىدۇ:

1. قاندىن
2. مەنىدىن
3. كىچىك تەرەتتىن
4. چوڭ تەرەتتىن
5. ھاۋادىن
6. قۇسۇقتىن
7. چۈشكۈرۈكتىن
8. ئۇيقۇدىن
9. ئاچلىقتىن
10. ئۇسسۇزلۇقتىن

تۆۋەندە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسەللىكلەر ھەم ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش لازىملىقى ھەققىدىكى ھەدىسلىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

**” ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارغا ئۇزۇن قارىماڭلار“** (ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان).

**”يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئاغرىغۇچىنى ساق كىشىلەرگە ئارىلاشتۇرماڭلار“** (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

**”يۇقۇملۇق (ماخاۋ) كېسىلى بىلەن ئاغرىغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار بىلەن چوقۇم سۆزلىشىش توغرا كەلسە، بىر ياكى ئىككى نەيزە ئۇزۇنلۇقىدا ئارىلىق قالدۇرۇپ سۆزلىشىڭلار“**(ئىبنى نەسەئى رىۋايەت قىلغان).

**”بىرەر جايدا ۋابا يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىساڭلار، ئۇ جايغا كىرمەڭلار، سىلەر بار جايدا ۋابا يۈز بەرگەن بولسا، ئۇ يەردىن چىقىپ كەتمەڭلار“**(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

بۇ ھەدىستىكى”سىلەر بار جايدا ۋابا يۈز بەرگەن بولسا، ئۇ يەردىن چىقىپ كەتمەڭلار“ دېگىنى سىلەر ئۇ يۇرتتىن چىقساڭلار سىلەردىكى كېسەللىك(ۋابا كېسىلى) ساق تۇرغان كىشىلەرگە يۇقۇپ، چوڭ ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. ” بىرەر جايدا ۋابا يۈز

بەرگەنلىكنى ئاڭلىساڭلار ئۇ جايغا كىرمەڭلار“ دېگىنى، يۇقۇملۇق كېسەل يوق ئورۇنلار تۇرمۇشۇڭلار ۋە روھىي ھالىتىڭلار ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك جاي ھېسابلىنىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىبنى مۇسەييىپتىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”ئاللاھ تائالا ياخشىدۇر، ياخشىنى ياخشى كۆرىدۇ. پاكتۇر، پاكلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەزىزدۇر، ئەزىزلىكنى ياخشى كۆرىدۇ. سېخىدۇر، سېخىلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. سىلەر ھويلا-ئاراملىرىڭلارنى پاكىزلەڭلار، يەنى ئۆيىڭنىڭ ھويلىسىنى پاكىزلەڭلار“ دېگەن.

ئەينى ۋاقىتتا، سەقىف قەبىلىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغىلى كەلگەن ۋەكىللەر ئارىسىدا ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىر كىشى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا كىشى ئەۋەتىپ: ”سەن قايتقىن، بىز سېنىڭ بەيئىتىڭنى قوبۇل قىلدۇق“ دېگەن.

ھازىر دۆلىتىمىزدە سارس دېيىلىدىغان ئۆتكۈر يۇقۇملۇق بىر كېسەللىك پەيدا بولدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ھۆكۈمىتىمىز كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىنى قوغداپ قېلىشنى بارلىق ئىشلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئىنتايىن كۆپ ساندا ماددىي كۈچ ۋە ئادەم كۈچى ئاجرىتىپ، بىر تەرەپتىن بۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىغۇچىلارنى داۋالاشنى كۈچەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ كېسەللىكنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، قانداق قىلغاندا سارس كېسەللىكى بىلەن يۇقۇملىنىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ساۋاتلارنى بېرىۋاتىدۇ. بۇ ساۋاتلاردا سارس كېسىلى بىلەن ئاغرىغۇچىلارنى ئايرىۋېتىش، شەخسىي تازىلىق ۋە مۇھىت تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش، ئۆي ۋە ئىشخانىلاردا ئىشىك-دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتىپ ھاۋا يۇرۇشتۇرۇپ تۇرۇش، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىر جايغا توپلىنىپ قالماسلىق قاتارلىقلار ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە چوڭ تېپتىكى يىغىلىشلارنى قىلماسلىقنى، يىغىنلارنى ۋاقتىنچە كەينىگە سۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ.

شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇرلارمۇ كۆپ ھاللاردا نامازنى، بولۇپمۇ جۈمە نامىزىنى مەسچىتكە بېرىپ ئوقۇيدۇ. توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى ئىنتايىن كۆپ ئادەم چاقىرىپ، ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزىدۇ. ناماز ئوقۇغىلى كەلگەن، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغقا قاتنىششقا كەلگەنلەر ئىچىدە سارس كېسەللىكى بىلەن يۇقۇملانغانلار بولمىغىنى ياخشى، مۇبادا بولۇپ قالسا، سارس كېسەللىكى ۋە باشقا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە يۇقۇملىنىشى ئۈچۈن سورۇن ھازىرلاپ بەرگەنلىك بولىدۇ.

توي تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى ۋاقتىنى ئۆزگەرتىپ ياكى باشقا شەكىللەرنى قوللىنىپ ۋە ياكى مۇمكىنقەدەر ئاز ئادەم چاقىرىپ كىچىك دائىرىدە ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ. ئەمما بەش ۋاق نامازنى، بولۇپمۇ جۈمە نامىزىنى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇلاھىزە قىلىشقا تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز تۆۋەندىكى ھەدىسلەرگە قاراپ باقايلى:

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، نامازغا چاقىرغان ئەزاننى ئاڭلاپ تۇرۇپ“ ئۆزۈرسىز نامازغا كەلمىسە“ بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ساھابىلەر: ”يا رەسۇلۇللاھ‘ئۆزۈر‘ دېگەن نېمە؟“ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئۆزۈر دېگەن قورقۇش (ۋەھىمە) ياكى كېسەل“ دەپ جاۋاب بەرگەن.

يامغۇر يېغىپ كىيىم-كېچەكلەرنى ھۆل قىلىۋېتىدىغان، يوللار پاتقاق بولۇپ، ئاياق كىيىم

مەينەت بولۇپ كېتىدىغان، ھاۋا بەك سوغۇق بولۇپ، كىشىلەر كېسەل ياكى زۇكام بولۇپ قالىدىغان ۋە كىشىلەرنىڭ روھىي ھەم تەن ساغلاملىقىغا زىيان يېتىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىپ قېلىپ، جامائەتنى تەرك ئەتسە، بۇنداق ئەھۋالدا مەسچىت نامىزىغا كەلمىسىمۇ بولىدىغانلىقى كۆرستىلگەن.

بۇ ھەقتە ئىبنى ئەبباس قاتتىق يامغۇر ياغقان كۈنى ئۆزىنىڭ مۇئەززىنىگە ''سەن نامازغا ئەزان ئېيتىپ، 'ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ' دېگەندىن كېيىن، ھەرگىز 'ھەييە ئەلەسسەلات' (يەنى نامازغا كېلىڭلار) دەپ سالما. شۇ ۋاقىتتا، 'سەللۇ فى بۇيۇتىكۇم' (يەنى نامازنى ئۆيلىرىڭلاردا ئوقۇڭلار) دېگىن''، دېگەن. شۇئان كىشىلەر بۇنىڭغا قايىل بولمىغاندەك بولۇشىدى، ئىبنى ئەبباس: '' بۇ ئىشنى مېنىڭدىن ياخشىراق بىر كىشى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) مۇشۇنداق قىلغان'' دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: ''ئېنىقكى، جۈمە نامىزى دېگەن بەك چوڭ، كاتتا پائالىيەتتۇر. شۇنداقتىمۇ مەن سىلەرنى ئۆيۈڭلاردىن چىقىرىپ، پاتقاق يوللاردا ماڭغۇزۇپ، ئاياقلىرىڭلارنى پاسكىنا قىلىۋېتىشنى خالىمايمەن'' دېگەنىدى.

ئەبۇ مۇلەيھى ئۆزىنىڭ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇنىڭ ئاتىسى جۈمە كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھازىر بولغان چېغىدا، قاتتىق يامغۇر يېغىپ، ئۇلارنىڭ ئاياقلىرى لاي بولۇپ كەتكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇلارنى قايتىپ ئۆيلىرىدە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇغانىكەن( بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجەلەر رىۋايەت قىلغان).

«فىقھى سۇننە» دېگەن كىتابتا: ''يامغۇر قاتتىق يېغىپ كېتىش سەۋەبى بىلەن ئۇلار(جامائەت) ئۆيلىرىگە قايتىپ كەتكەچكە، مەسچىتتە جۈمە نامىزى ئوقۇلمىغان. ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتىپ بېرىپ پېشىن نامىزى ئوقۇسىمۇ، جۈمە نامىزى ئوقۇسىمۇ بولىدۇ'' دېيىلگەن (1-توم، 256-بەت).

''جۈمە'' سۆزى''جەمەئە'' سۆزىدىن كېلىپ چىققان. بۇ''كۆپلۈك'' دېگەن مەنىدە. شۇنداق بولغاچقا، جۈمە نامىزنى كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئوقۇش پەرز بولغان. ئادەتتە جۈمە نامىزىدا ئادەم سانى قانچىكى كۆپ بولسا، شۇنچە ياخشى دەپ قارىلىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا يۇقىرىدا كۆرستىپ ئۆتۈلگىنىدەك جۈمە نامىزىنى ئۆيدە ئۆتىسىمۇ بولىدۇ. ئەمما مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر جۈمە نامىزى چوقۇم جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇلىدۇ. بۇ ھەقتە تۆت ئىمامنىڭ پىكرى بىردەك. بىراق، شۇ جامائەتنىڭ سانىنىڭ قانچە ئادەم بولىدىغانلىقى ھەققىدە تۆت ئىمامنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس.

بۇ ھەقتە تۆت مەزھەپنىڭ قاراشلىرى مۇنداق:

1) ھەنەفىيەلەر: جۈمە نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن ئەڭ ئاز دېگەندە ئىمامدىن باشقا ئۈچ ئادەم بولۇشى كېرەك، دەپ كۆرسەتكەن.

2) مالىكىلەر: جۈمە نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن ئەڭ ئاز دېگەندە ئىمامدىن باشقا 12 ئادەم بولۇشى كېرەك، دەپ بېكىتكەن.

3) شافىلەر: جۈمە نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن چوقۇم ئىمام بىلەن قوشۇلۇپ 40 ئادەم بولۇشى كېرەك، بۇنىڭدىن ئاز بولسا جۈمە نامىزى دۇرۇس بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

4) ھەنبەلىلەر: جۈمە نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن ئىمام بىلەن قوشۇلۇپ 40تىن كۆپ ئادەم بولۇشى كېرەك، دەيدۇ.

دېمەك، ھەنەفىيە مەزھىپى ئىمامىنىڭ قارىشىچە، جۈمە نامىزىنى ئەڭ ئاز بولغاندا ئىمام بىلەن قوشۇلۇپ تۆت ئادەم بىرگە ئوقۇسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. بىزنىڭ مەزھىپىمىز دەل ھەنەفىيە مەزھىپى. شۇنداق ئىكەن، ھازىرقىدەك جىددىي يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىۋاتقان پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا جۈمە نامىزىنى مەسچىتتە كۆپ ئادەم يىغىلىپ ئوقۇماي، ھەنەفىيە

قارشىدىكى شەرتكە توشقان ئادەم سانى بويىچە كېسەللىك بولمىغان ئايرىم جايدا(ئۆيىدە ياكى ھويلىمىزدا) ئوقۇساقمۇ بولىدۇ.

ئۆۋەتتە پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ سارىس كېسەللىكى ھەققىدىكى تەشۋىقاتى ھەم ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدىكى تەدبىرلىرىنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز. شۇنداق ئىكەن، ھەم مۇسۇلمانلىق نۇقتىسىدىن ھەم جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقراسى بولغانلىقىمىز نۇقتىسىدىن قانداق مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك؟

بىز ھەر قايسى ساھەدىكى مۇسۇلمانلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سارىس كېسىلى ھەققىدىكى تەشۋىقات ۋە قانۇنلىرىغا ئاڭلىق ئاۋاز قوشۇپ ماسلىشىش بىلەن بىرگە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپلەرگە ئەمەل قىلىپ، ئۆزۈڭدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغدىن ئىبارەت ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنى مۇمكىنقەدەر چوڭ قىلماسلىق، بەك كۆپ ئادەم چاقىرماسلىقنى، شۇ ئارقىلىق سارىس كېسىلىنىڭ رايونىمىزدا تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا يېقىندىن ماسلىشىشىنى، مۇبادا ئۆز ئارا ئۇچرىشىپ، كۆرۈشۈشكە توغرا كەلگەندە، قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشمەي، ئۇدۇل قولنى كۆكرەككە ئېلىپ سالاملىشىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا زۆرۈر بولغان ھەر بىر ھالقىنى چوڭ ياكى كىچىك دېمەي، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ كېسەلدىن بەك قورقۇپ، قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ كەتمەسلىكنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتىمەن.

بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھ بىرەر كېسەلنى بەرگەن ئىكەن، ئۇنىڭ داۋاسىنىمۇ قوشۇپ بېرىدۇ"(بۇخارى رىۋايەت قىلغان) دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن. بۇ ھەدىس بىرەر كېسەلگە نىسبەتەن ئۈمىدۋار بولۇشنى تەشەببۇس قىلسا، دوختۇرغا نىسبەتەن كېسەللىكنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىيەلەيدىغان ھەم ساقايتالايدىغان دورىنى تېپىپ چىقالايدىغانلىقى ھەققىدە ئىلھام بېرىدۇ.

خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز، سارىس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم داۋالاشقا ئىنتايىن زور ماددىي كۈچ ۋە ئادەم كۈچى ئاجراتتى. ئىشىنىمىزكى، يېقىن كەلگۈسىدە سارىس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغان ۋە داۋالايدىغان دورا كەشىپ قىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەندىشىسى تۈگىتىلىپ، نورمال خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەسلىگە كېلىدۇ.

خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، كېسەللىك روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن پەيدا بولىدۇ. دېمەك، سارىس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا بۇ خىل كېسەللىكنىڭ يۇقىشىدىن قورقماسلىقتەك روھىي ھالەتنى تۇرغۇزۇش بۇ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىنتايىن مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مۇبادا بۇ خىل كېسەل بىلەن يۇقۇملىنىپ قالغان تەقدىردىمۇ بۇ خىل كېسەل بىلەن يۇقۇملىنىپ قالغانلىقىدىن قورقۇپ كەتمەي بۇ كېسەلدىن چوقۇم ساقىيىش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشمۇ بۇ كېسەلدىن ساقىيىشتا ئوخشاشلا مۇھىم ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



بۇ سانىنىڭ ماقالىلىرى، بەتلىرى ئۇيغۇرسوفت ئەل كاتىپ 2.7 نۇسخىسىدا ئىشلەندى ۋە ئەل كاتىپ كوررېكتور سىستېمىسىدا كوررېكتورلۇق قىلىنىپ، بېسىپ چىقىرىلدى. كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا شەمشىنۇر ھوشۇر، ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد، ھاجى بارات رەجەپ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ تېخنىكىلىق مەسىلىلىرى ھەققىدە تەكلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

# يېڭى دەۋردىكى ئىمام-خاتىپلارنىڭ ئۈزلۈكسىز بىلىم ئاشۇرۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى توغرىسىدا

مجىت ئىسلام داموللا ھاجى

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

**(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)**

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: **"ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن .ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى، ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى."** {سۈرە «ئەلەق» (96-سۈرە)، 1-ئايەتتىن 5-ئايەتكىچە}.

ئىسلام دىنىنىڭ نېگىزلىك ئىلاھى قانۇنى بولغان «قۇرئان كەرىم»دە **"ئوقۇغىن"** دېگەن ئايەت 23 يىل جەريانىدا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەر بىر ئىشلارغا قارىتا نازىل قىلىنغان 6236 ئايەت ئىچىدە تۇنجى قېتىم نازىل قىلىنغان ئايەت.

ئىسلام دىنىمىزدا ئىلىم ئۆگىنىش توغرىسىدىكى تەلىم ناماز قاتارلىق ئىبادەتلەردىنمۇ مۇقەددەمدۇر. بۇ ئايەت دىنى ئىلىم ئوقۇش بىلەن بىرگە پەننى ئىلىم ئوقۇشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. **"ئوقۇغىن"** دېگەن بۇ سۆز ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىگە پايدىلىق بولغان ھەر قانداق ئىلىمنى ئوقۇغىن، دېگەنلىكتۇر، چۈنكى بۇ يەردە ئاللاھ تائالا دىنى بىلىمنى ياكى پەننى بىلىمنى ئوقۇغىن دېمەستىن "ئوقۇغىن" دېدى. بۇ يەردە **"پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن"** دېگەن سۆز ئاللاھنى تونۇتىدىغان ئىلىمنى ئوقۇغىن دېگەنلىكتۇر. **"ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى"** دېگەن سۆز پەننى ئىلىم ئارقىلىق ئىنساننىڭ لەختە قاندىن قانداق يارىتىلغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئاندىن ئاللاھنى تونۇغىن دېگەنلىكتۇر.

**"ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر"** دېگەن سۆز بولسا، ئوقۇساڭ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەڭ كەرەملىك ئىكەنلىكىنى بىلىسەن دېگەنلىكتۇر.

**"ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى، ئىنسانغا بىلمىگەن ئىشلارنى بىلدۈردى"** دېگەن ئايەت بولسا، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ مەقسەت مۇددىئاسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خەت يېزىشنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئىنسانلار ھازىر بىلگەن نەرسىلەر ئەسلىدە بىلمەيدىغان نەرسىلەر بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ بىلدۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىلىم تەلەپ قىلىش پەرز ئەين ۋە پەرز كۇپايە دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

ھەر بىر مۇسۇلمان ئىبادەتلەرنىڭ پەرز، ۋاجىپ، سۈننەتلىرىنىڭ توغرا-خاتاسىنى ئايرىيالىغىدەك دەرىجىدە ئىلىم ئۆگىنىش پەرز ئەيندۇر.

پەرز ئەين بولغان ئىلىملەرنى بىلگەندىن سىرت مۇناسىۋەتلىك بولغان كەڭ دائىرىلىك ئىلىم ئۆگىنىش پەرز كۇپايىدۇر.

پەرز كۇپايە دېگەن ھەر بىر يۇرت، كەنتلەردىن ئاز دېگەندە بىرەر ئادەم ئادا قىلسىلا باشقىلارنىڭ گەدىنىدىن ساقىت بولىدىغان پەرزدۇر. ئەگەر بىرمۇ ئادەم ئادا قىلمىسا، ھەممە

كىشى پەرزنى تەرك ئەتكەن بولۇپ گۇناھكار بولىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرىقى تەلىماتلىرى بويىچە ئىلىم ئۆگىنىشىمىز، ئەۋلادلىرىمىزنى ياخشى تەربىيىلىشىمىز، بولۇپمۇ بىز ئىمام خاتىپلار كۆپ ئىزدىنىپ كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ ئۆزىمىزدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ ھازىرقى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ مېڭىشىمىز، "يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئىلىم قېتىپ قالدى" دەپ ئۆگىنىشكە سۇس قارىماسلىقىمىز لازىم.

**"ئوقۇغىن"** دېگەن ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 40 ياشقا كىرگەندە نازىل بولغان. «ھەدىس شەرىف»تە **"ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەربىر ئەر-ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر"، "بۆشۈكتىن لەھەتكىچە ئىلىم تەلەپ قىلغىن"** دېيىلگەن. شۇڭا ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆگىنىشتىن توختاپ قالماي، ئىلىم ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

بۇ ھەقتە قۇدۇرى رەھمەتۇللا ئەلەيھى (ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن) ھەققىدە مۇنداق بىر ھېكايە بار: "قۇدۇرى داڭلىق بىر قازانچى كىشى بولۇپ، ئۇ پادىشاھقا ھەدىيە قىلىپ ئىنئام ئالماقچى بولۇپ، بىر نۆۋەتتە بىر قانچە خىل تائام پىشۇرغىلى بولىدىغان بىر قازاننى ياساپ، پادىشاھنىڭ قېشىغا ئەكەلگەن. بۇ ۋاقىتتا پادىشاھ قازانچىغا قاراپمۇ قويماي، بىر ياش بالا بىلەن ناھايىتى ئۇزۇن قىزغىن پاراڭلاشقان ھەمدە ئۇ ياش بالىنى ئۇزۇن جايغىچە ئۇزىتىپ بارغان. بۇنى كۆرگەن قازانچى: ‹پادىشاھنىڭ شۇنچە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان بالا كىمدۇ؟› دەپ سورىغان. ئەتراپتىكىلەر: ‹ئۇ ئىلىم ئۆگەنگۈچى تالىپ› دەپ جاۋاب بەرگەن. قازانچى شۇ يەردە قاتتىق تەسىرلىنىپ: ‹ئىلىم ئۆگەنگۈچى بۇنداق ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدىغان بولسا، بولدى مەن بۈگۈندىن باشلاپ قازانچىلىق كەسپىنى قىلماي ئىلىم ئۆگىنىمەن› دەپ قاتتىق ئىرادىگە كېلىپ، قولىدىكى قازاننى چېقىپ تاشلاپ ئىلىم ئۆگىنىشكە باشلىغان. بۇ ۋاقىت ئۇ كىشىنىڭ دەل 60 ياشقا كىرگەن ۋاقتى بولۇپ، بۇ كىشى قاتتىق تىرىشچانلىق بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىپ ئالىم بولۇشتىن سىرت، نۇرغۇن كىتابلارنى يېزىپ قالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن". ئۇ كىشىنىڭ يېزىپ قالدۇرغان كىتابلىرى، مەسىلەن: «قۇدۇرى» دېگەن كىتاب بىر مۇنچە دىنى مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ ئوقۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ.

«ھەدىس شەرىف»تە: **"ئىمام جامائەتنىڭ نامىزىغا كېپىل بولغۇچى"** دېيىلگەن. دېمەك، ئىمامنىڭ نامىزى قوبۇل بولسا جامائەتنىڭ نامىزىمۇ قوبۇل بولىدۇ. ئەگەر ئىمام نامازنىڭ تەرتىپ قائىدىلىرىنى بىلمەي، ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزى قوبۇل بولمىسا، جامائەتنىڭ نامىزىمۇ قوبۇل بولمايدۇ. قىيامەت كۈنى بۇنداق ئىمام جامائەتنىڭ نامىزىدىن قاتتىق مەسئۇللۇققا تارتىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام-خاتىپلاردىن نامازنىڭ پەرز، ۋاجىپ، سۈننەتلىرىنىڭ توغرا-خاتالىقىنى، قىرائەتنى تولۇق بىلىش، ئىدىيىسى ساغلام، ئەخلاقىنىڭ ياخشى بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز ئىمام بولغۇچىلار خۇدانىڭ ئالدىدىكى ۋە جامائەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىزنى چوقۇم ياخشى ئادا قىلىشىمىز كېرەك.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **"ئېيتقىنكى، ‹بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ›"** {سۈرە «زۇمەر» (39-سۈرە)، 9-ئايەت}.

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا بىلىم ئىگىلىرى بىلەن بىلىمسىزلار ئوتتۇرىسىدا پەرق بارلىقىنى كۆرسىتىپ بىلىم ئىگىلىرىگە يۇقىرى باھا بەرگەن. شۇڭا بىلىم ئىگىلىرىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئۇلاردىن ئۆگىنىشىمىز، ئىلىم بىلەن ئەمەلنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاللاھنىڭ ئىلىم

ئىگىلىرىگە بەرگەن يۇقىرى باھاسىغا ئۇيغۇنلىشىشىمىز كېرەك.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "پەقەت ئىككى ئىشتا ھەسەت قىلىشقا بولىدۇ (يەنى باشقىلاردىكى ئىككى ئارتۇقچىلىقنى ئۆزىدىمۇ بولۇشقا ئارزۇ قىلىشقا بولىدۇ): بىرىنچى، بىر كىشىگە ئاللاھ مال ئاتا قىلغان بولسا، ئۇ مالنى ھەق يولغا بېرىۋەتسە؛ ئىككىنچى، بىر كىشىگە ئاللاھ ھېكمەت(يەنى ئىلىم) ئاتا قىلغان بولسا، ئۇ كىشى شۇ ھېكمەت بىلەن ھۆكۈم قىلسا ۋە باشقىلارغا بىلدۈرسە" (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى: بىرىنچى، ماگىمۇ ئاشۇ كىشىگە بەرگەندەك ئاللاھ مال بەرسە، مەنمۇ ئاشۇ كىشىدەك مالنى ياخشى يولغا سەرپ قىلسام، دەپ ئارزۇ قىلسا؛ ئىككىنچى، ئاللاھ ماگىمۇ ئىلىم ئاتا قىلسا، مەنمۇ ئاشۇ كىشىدەك ئىلىم بىلەن توغرا ھۆكۈم قىلسام ۋە باشقىلارغا ئۆگەتسەم، دەپ ئارزۇ قىلسا بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

ئىسلام دىنىمىزدا، ھەسەت قىلىش ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ھەسەتتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ئوت ئوتۇننى كۆيدۈرگەندەك، ھەسەت ياخشى ئەمەللەرنى يوق قىلىۋېتىدۇ"(ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان). ھەر قانداق ھەسەت قىلىش ئېغىر گۇناھ بولسىمۇ، لېكىن ئىلىم ئۆگىنىش مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن باشقىلارغا بېرىلگەن ئىلىمنىڭ ئۆزىدىمۇ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش ئارقىلىق ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ، بۇ جەھەتتە ھەسەت قىلىشقا يەنى ئارزۇ قىلىشقا ئىسلام دىنىمىزدا رۇخسەت قىلىنغان. شۇڭا بىز ياخشى ئىشنى ئارزۇ قىلىشىمىز، يامان ئىشنى ئارزۇ قىلماسلىقىمىز، ياخشى ئىشنى ئۆگىنىشىمىز، يامان ئىشنى قىلماسلىقىمىز لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ئادەم بالىسى ئۆلسە ئۇنىڭ ئەملى ئۈزۈلىدۇ، پەقەت ئۈچ جەھەتتىن ئۇنىڭ ئەملىنىڭ ساۋابى ئۈزۈلمەيدۇ: بىرىنچى، سەدىقە جارىيە (يەنى كىشىلەر ئۇزۇن مۇددەت مەنپەئەتلىنىدىغان سەدىقات، مەسىلەن، يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، مەكتەپ سېلىش، ئىچىملىك سۇ ھەل قىلىش قاتارلىق ئومۇمغا ئۇزۇن مۇددەت پايدا مەنپەئەتى بار ئىشلار)؛ ئىككىنچى، مەنپەئەتى بار ئىلىم (يەنى كىشىلەرگە پايدا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئىلىم)؛ ئۈچىنچىسى، بالىنىڭ ئاتىسىغا دۇئا قىلىشى"(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدا، يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك ئىشنىڭ بىرەرسىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان كىشى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ھايات ۋاقتىدىكىدەك ساۋابقا ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئەمەللەرنىڭ بولسا، ئادەم ئۆلۈش بىلەن تەڭ ساۋابىمۇ توختايدۇ، دېگەن ئۇقۇم بايان قىلىنغان ۋە كىشىلەرگە پايدا يەتكۈزىدىغان ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ توختاۋسىز ساۋابقا ئىگە بولۇپ تۇرىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن.

بۇ ھەدىس يەنە پەقەت ئىلىمنى ئۆگىنىپلا قويسا بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنى شەخس مۈلك قاتارىدا ساقلىۋالماي ئومۇمنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەت يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىشى لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، ئىلىم ئۆگىنىشتىكى مەقسەت-نىشانىمىز ئايدىڭ بولۇشى كېرەك. بىلگەننى توغرا ئىپادىلەپ جامائەتكە پايدىلىق يول كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئەبۇ دەردا رىۋايەت قىلىدۇ: "كىمكى ئىلىم ئىزدەش يولىغا كىرسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. چوقۇمكى پەرىشتىلەر ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئىشىغا رازى بولۇپ ئۇلارنىڭ قەدەملىرى ئاستىغا قاناتلىرىنى قويۇپ بېرىدۇ. ھەقىقەتەن ئالىم ئۈچۈن ئاسمان-زېمىندىكى كىشىلەر ھەتتا سۇدىكى بېلىقلارمۇ

ئىستىغپار ئېيتىدۇ. ئىبادەت قىلغۇچىدىن ئالىمنىڭ ئارتۇقچىلىقى يۇلتۇزلاردىن ئاينىڭ ئارتۇقچىلىقى بولغانغا ئوخشاش ئىشتۇر. جەزمەنكى، ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىزىنى باسقۇچىلار (ۋارىسلىرى)دۇر. ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەر تىللانى ۋە دىرھەمنى مىراس قالدۇرمىدى، ئۇلار پەقەت ئىلىمنى مىراس قالدۇردى. كىمكى ئىلىم ئىگىلىسە ئۇ كىشى تولۇق نىسىپدار بولغان بولىدۇ" (ئەبۇ داۋۇت ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىستىن ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ نەقەدەر زور شان-شەرەپكە ئىگە بولىدىغانلىقى، شۇنداقلا پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەسئۇلىيىتىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىزدە پەقەت ئىماملىق ۋە خاتىپلىق ۋەزىپە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پەيغەمبەرلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ۋەزىپىمىزمۇ بار. شۇڭا بۇنى ئۇنتۇپ قالماي ئۆز بۇرچىمىزنى تولۇق ئادا قىلىشىمىز كېرەك.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "**ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا(يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ(يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار**" {سۈرە «جۇمۇئە» (62-سۈرە)، 9-ئايەت}.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "**ھالال كەسىپ ئىزدەش (ئىبادەت خاراكتېرىدىكى) پەرزدىن قالسا يەنە بىر پەرزدۇر**".

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىستىن ئىسلام دىنىمىزنىڭ دۇنيالىق ئىشلارغىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئولتۇرۇپ ئالماي تارىلىپ ئۆز ئىشىنى قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى خاتالىق ئۆتكۈزۈش سەۋەبى بىلەن جەننەتتىن دۇنياغا چۈشۈرۈشتە دۇنيانى ئاۋات قىلىش، گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. شۇڭا، ئىسلام دىنىمىز ئىنسانلارنى ئاللاھ ياراتقان مۇشۇ دۇنيادىن پايدىلىنىپ ئۆز تۇرمۇشىنى بەختلىك، خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "**ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر(نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى**" {سۈرە«بەقەرە» (2-سۈرە)، 29-ئايەت}. دېمەك، ئاللاھ تائالا بۇ كەڭ تەبىئەت دۇنياسىنى بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن ياراتقان ئىكەن، ئەلۋەتتە بىز بۇنىڭدىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك. ھالبۇكى، بۇنىڭدىن پەقەت ئىلىم-پەن ئارقىلىقلا پايدىلىنالايمىز.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "**ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ يۈرگەن كېمىلەردە، ئاللاھ بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋاناتلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشلىرىدا، ئاسمان-زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر**" {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 164-ئايەت}. بۇ يەردە ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى ئاللاھ ياراتقان ھەرخىل تەبىئىي قانۇنىيەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى تونۇشقا ئىلھاملاندۇرغان. بۇ ئايەت كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنى، ئۆزىنى تونۇشىدا چوڭقۇر ئىلھام بېرىش رولىنى ئويناپ، ئۇلارنىڭ تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈستىدە ئىزدىنىش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتىدۇ، تەبىئەتنى تەتقىق قىلىش، تەبىئەتنى ئېچىش ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىش ئاكتىپلىقىنى

قوزغـــايدۇ. بۇنىڭدىـــن شـــۇنى چۈشىنىشــكە بولىدۇكى: ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئىلىم تەھسىل قىلىشقا تەشەببۇس قىلىشى دىنى بىلىم بىلــەنلا چەكلىنــىپ قالماســتىن، بــەلكى ئىنسانىيەتنىڭ مــەۋجۇت بولــۇپ تۇرۇشــى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان بارلىق بىلىملەرنى (جۈملىدىن پەننى بىلىملەرنىمۇ) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىسلام دىنى ئەقلىيلىققا ھۆرمەت قىلىدىغان دىـن. ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىسىدە ئېتىقاد بىلەن ئىلىم-پـەن بىـر-بىرىگـە زىـت ئەمـەس. ئىمام غـەزالى ئۆزىنىـڭ «دىنى پەنلەرنىڭ گۈللىنىشى» دېگــەن داڭلىــق ئەســرىدە مۇنــداق دەپ كۆرسـەتكەن: ”دىـنى بىلىملــەرنى ئۆگىنىشــمۇ، ئىجتىمائىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشمۇ پەرز. دىنى بىلىملەرنى ئۆگىـنىش پـەرز ئەيـىن، ئىجتىمائىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش پەرز كۇپايە“.

ھازىرقى زامانىدا ئىلىم-پەنگە تايانمىغاندا قـۇدرەت تاپـقىلى بولمـايدۇ، ئىگىلىك يارىتىـپ خاتىرجەم تۇرمۇش ئۆتكۈزگىلى تېخىمۇ بولمايدۇ، خاتــىرجەم تۇرمــۇش بولمىغــاندا ئىبادەتلەرنى كـۆڭۈللۈك قىلغىلى بولمـايدۇ، ئىقتىساد بىلـەن قىلغىلى بولىدىغان ئىبادەتلەرنى مەسىلەن: ھەج تاۋاپ قىلىش، زاكات بېرىش، خەيرى ئېھسان قىلىش قاتارلىق ئىقتىساد ئـارقىلىق قىلىدىغـان ئىبادەتلەرنى تـېخىمۇ قىلغىلــى بولمـــايدۇ. جەمئىيەتتە ئورۇنىمۇ ئىگە بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا مۇشۇ قىيىنچىلىققا قالماسلىقىمىز ئۈچۈن ئىلىم-پەن ئۆگىنىشىمىز، مائارىپنى قوللىشىمىز، ئەۋلادلىرىمىزنى ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇتۇشىمىز كېرەك.

بىزدە: ”بالىلىرىمـــىزنى ئوقۇتقـان بىلـەن ئايلىقچى كادىر بولالمايدىكەن ياكى ئىش ئورنى تاپماق قىيىن ئىكەن“ دەپ قاراپ، بالىلىرىنى ئائىلــە ئىشــلىرىغا ســېلىپ، ئۇلارنىــڭ كەلگۈسىدىكى ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىدىغان ئەھۋاللار بىـر قـەدەر كـۆپ، مېنىـڭچە بـۇ خاتا كۆزقاراش. ئوقـۇش پەقەت پۇل ئۈچۈنلا بولامدۇ؟ مېنىڭچە بىلىم ماددىي بايلىقتىنمۇ قىممەت. ئۇ ئىنساننىڭ قەدىر قىممىتى ۋە يۇقىرى ساپاسىنى ئىپادىلەيدىغان بىردىن-بىر نۇرلۇق چىراغ.

بالىلىرىمىزنى ياخشى ئوقۇتايلى! ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرەيلى! ئەنــە شــۇنداق قىلســاق بالىلىرىمــىز ئالــي مەكتەپلەرگــە بــارالايدۇ، ئالــي مەكتەپــكە بارالمىغــان تەقدىــردىمۇ كېيىــنكى تۇرمۇشــىنى رىتىملىق ئۆتكۈزۈپ جەمئىيەتتە بىـر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ ياشاشقا ئاساس سالالايدۇ.

بىـز بـۇرۇن ئويـلاپ باقمىغـان تەرەققىياتلار ھازىر مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، تېلېۋىزور، تېلېفون، توڭلاتقـۇ، كىـرئالغۇ، موتسىكلېت ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى قاتارلىقلار. ئالقاندەك كېلىدىغان يانفون بىلـەن ئـۆز ئورنىمىزدا تۇرۇپ مەملىكـەت ئىچـى ۋە سىرتى بىلەن ئالاقە قىلىپ سۆزلەشكىلى بولىدۇ. ھازىـر قىلغان گەپ ھازىر ئۆز ئاۋازى بىلـەن ئاڭلىنىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئۈچۈن بەك قۇلايلىق. مانا بۇ ئىلىم-پەننىڭ كۈچى، شۇڭا ئۈچۈن ئىلىم-پەننى ھۆرمەتلىشىمىز، قوللىشىمىز، ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

بىـز ئىمـام-خاتىپـلار مۇسـۇلمانلارنىڭ يېتەكچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلـەن پـەقەت مەسـچىت-مېھراپـتىلا جامائەتنىـڭ ئـالدىدا تۇرماستىن، بەلكى توغرا بولغان بارلىق جەھەتتە جامائەتنىڭ ئالدىدا تۇرۇشىمىز زۆرۈر. مۇشۇنداق بولغاندا جامائەت بىزگـە قـايىل بولـىدۇ، بىزنى قوللايدۇ، ئاللاھمۇ بىزدىن رازى بولىدۇ.

(ئاپتور: توقسۇ ناھىيە توقسۇ بازىرى رەستە مەسچىت ئىمامى ۋە خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئىسلام دىنىنىڭ ئەدەپ-ئەخلاق قارىشى ۋە تۇرمۇشىمىزدىكى بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

ئابلاجان ئابلەت

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

**(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)**

"الحياء من الإيمان" ("ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر")، شۇڭا ئىنساننىڭ بەخت-تەلىيى ئەخلاق بىلەن ۋە ئەدەپ بىلەن ئۆلچىنىدۇ. 21-ئەسىرنىڭ بۈگۈنكى كۈنىدە، تەرەققىيات يۇكسەك دەرىجىدە يۇقىرى پەللىگە قەدەم قويىدى، ئىنسانىيەت 21-ئەسىرنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ، يېڭى ئېرانىڭ خىلمۇ-خىل مۆجىزاتلىرىنى ئېچىشقا قەدەم قويىدى. ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە ئويلايدىغان، مۇلاھىزە قىلىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن ئەخلاق كۆزقارىشىنىڭ دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىشى، مودا كۆزقاراشنىڭ ئەۋج ئېلىشى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى گاڭگىرىتىپ قويىدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر ياشلىرى ئەدەپ-ئەخلاق كۆزقارىشىدىن يىراقلاشقان نۇرغۇن مەسىلىلەرگە يولۇقتى. ئىسلام دىنىدىكى بۈيۈك ئەخلاق كۆزقارىشى بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەزگۈسىدىن يىراقلاپ كەتتى. غەرب مەدەنىيىتى ۋە غەرب تۇرمۇش ئىستىلى بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرىمىزغا ئەدەپ-ئەخلاق، ھايا، ئىلىم-مەرىپەت تۇيغۇسىنى ئەمەس، بەلكى تانسا، يالىڭاچ ئۇسۇل، شەھۋانىيلىق، خىرويىن، ھاراقكەشلىك ئىللەتلىرىنى سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي نۇقتىدىن سۆز ئېچىشى تولىمۇ قىيىنغا توختايدىغان بولۇپ قالدى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: "ھەر قانداق نەرسىدە ھاياسىزلىق بولىدىكەن، ئۇ نەرسىنى سەتلەشتۈرىدۇ، ھەر قانداق نەرسىدە ھايالا بولىدىكەن، ئۇ نەرسىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ". ھازىر بىر قىسىم ئاياللىرىمىزدا ئاياللىق خىسلەتنى، قىزلىرىمىزدا قىزلىرىمىزغا خاس نومۇس-ھايانى، نازاكەتلىكنى تاپقىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى، توي-تۆكۈن، نەغمە-مەشرەپلىرىمىزدە قىز-يىگىتلەر تەرتىپلىك، ئەخلاقلىق مەشرەپ ئوينايدىغان ئىشلار تولىمۇ ئازلاپ كەتتى. بىر مۇنچە توي-تۆكۈنلەر ھاراقكەشلەرنىڭ سورۇنىغا، نەغمە-مەشرەپلەر شەھۋانىيلىق ۋە ھاياسىزلىقنىڭ ئۇۋۇسىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. ئىمان مۇسۇلمان ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم، ئىنسان ئۆمرىدە ئىمان بىلەن ياشاش ئۈچۈن پاك دىيانەتلىك بولۇشى كېرەك، چۈنكى پاك ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىنى ۋىجدان ۋە ئار-نومۇس ئەقىدىسى چىرماپ تۇرىدۇ. ئۇنداق ئىنساننىڭ قەلبى ھاياسىزلىق ۋە نومۇسسىزلىقتىن يىراق بولىدۇ، رەزىللىك، مەينەتچىلىك، پاسكىنىلىقتىن قاچىدۇ. ئەدەپ-ئەخلاق ئىنسانلارنىڭ بىباھا گۆھىرى، ئەدەپ-ئەخلاق بىلەن سۇغۇرۇلغان قەلبلەر ھامان باشقىلارنىڭ ئالقىشى، ماختاش-مەدھىيىسىگە

مۇيەسسەر بولالايدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: **"ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئىمان جەننەتكە مەنسۇپتۇر. ئەدەپسىز سۆز قوپاللىقتۇر، قوپاللىق دوزاخقا مەنسۇپتۇر"**(بۇنى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئۇيغۇر مىللىتى دۇنيادىكى بارلىق مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرگە ئوخشاش ئەدەپ-ئەخلاق كۆزقارىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قىز- يىگىتلىرى ئەينى ۋاقىتلاردىن بېرى ئەدەپ-ئەخلاق تەربىيىسى بويىچە تەلىم-تەربىيە ئېلىپ كەلگەن. ئۇلۇغ ئالىم، دۆلەت ئەربابى، سىياسىيون يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن بۈيۈك ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: "ئادەم ياخشى نام بىلەن ئالقىشقا ئېرىشىدۇ، يامانلىق بىلەن قارغىشقا قالىدۇ"(246-بېيىت)؛ "كىمكى ياخشى، ئەدەپلىك، خۇيى يۇمشاق، ئەخلاقى گۈزەل بولسا، ئۇنىڭ بەخت-تەلىيى يورۇپ تىلەكلىگە يېتىدۇ. چۈنكى پۈتۈن ياخشىلىقنىڭ ئاساسى — ياخشى خۇلق، گۈزەل ئەخلاقتۇر"(1254-1255-بېيتلىرى). دېمەك، ئىنساننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى مۇھىم نەرسە يەنىلا ئەخلاقىي تەربىيە ۋە ئىلىم مەرىپەتتۇر.

ھازىر تۇرمۇشىمىزدا بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا:

(1) ئەخلاق كۆزقارىشىنىڭ ئاجىزلىقى، ئەخلاقىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ يۈزەكىلىكى، ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئۆز پەرزەنتى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان تەربىيە خىزمىتىنىڭ بىر تەرەپلىمە، تولىمۇ قاتمال ئىكەنلىكى، كۆپ ساندىكى ئاتا-ئانىلاردا ئەخلاق تەربىيە خىزمىتى جەھەتتە نادانلىق ئەھۋالىنىڭ ئېغىر بولۇشى ھازىر ساقلىنىۋاتقان بىرىنچى مەسىلە. نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا، كىشىنى تولىمۇ تەشۋىشكە سالىدىغان مۇنداق بىر ئىشنى كۆرۈپ قالغان ئىدىم. بىر پەرزەنتلىك بولغان ياش بىر ئاتا تېخى ئەمدىلا ئۈچ ياشقا توشقان ئوغلىغا قولىدىكى تاماكىسىنى تەڭلەپ چەكتۈرگەنىدى. ھېلىقى گۆدەك تاماكىنىڭ ئاچچىق ئىسىدا قىقىلىپ كەتتى. ئاتا بولغۇچى ئۆز ئوغلىنىڭ ياشاڭغىرىغان كۆزىگە قاراپ كۈلۈپ كەتتى.

يەنە بەزى ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز ئوغۇل-قىزلىرىنى ماگىزىنىدىن تاماكا ۋە ھاراق سېتىۋېلىشقا بۇيرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپمۇ قالغاندىم. شۇ ئىشلاردىن كېيىن تەربىيە خىزمىتىمىزنىڭ تولىمۇ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق چۆچىگەن ئىدىم.

(2) ھاراقكەشلىك، نەشكەشلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى، قىز-ئاياللىرىمىزدا ئىپپەت-نومۇسى بىلەن كارى بولمايدىغان خاھىشلارنىڭ يامراپ كېتىشى ھازىر ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر مەسىلە. ھاراقكەشلىك، نەشكەشلىك ھازىر تولىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ھاراقكەشلەرنىڭ "بېلىق كۆزى قىلىپ ئىچىمىز"، "قۇلاق مىدىرلىغىنچە ئىچىمىز" دېگەندەك سۆزلىرىنى ھەر قېتىم ئاڭلىغىنىمدا، تولىمۇ ئەپسۇسلانسام، چىلاشقىچە ھاراق ئىچىۋېلىپ توي-تۆكۈن، نەغمە-مەشرەپلەردە رەسۋا بولۇپ يۈرگەن، پاتاقاقا مىلىنىپ ياتقان ياشلىرىمىزدىن ئىچىنسام، ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلىرىمىزگە قاراپ نومۇس ۋە ۋىجدان ئازابىدا تولغىنىپ كېتىمەن.

ئاتالمىش "ئەركىن مۇھەببەت"نىڭ روشەن تەسىرى نۇرغۇنلىغان قىز-ئاياللىرىمىزنى ئىسلام ئەقىدىلىرىگە، ئىسلام ئەخلاقىغا ماس بولمىغان يولغا باشلاپ، مۇھەببەتنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرۇپ، بەختسىز بىچارە ھالەتكە قالدۇرۇۋاتىدۇ. "مۇھەببەتلىشىۋاتىمىز" دېگەن سەپسەتە بويىچە، نۇرغۇن قىزلىرىمىز تاپتىن چىقىپ، ئۆز ئەسلىنى يوقىتىپ، مۇھەببەت قۇربانى بولۇپ، ئىپپەت-نومۇسى ۋە پاكلىقىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىدۇ. ئاتالمىش "مۇھەببەت"نى مەزمۇن قىلغان مۇنداق ئىش ھەرىكەتلەر ئىسلام ئەخلاقىغا مۇخالىپتۇر.

(3) كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا ئاپتوبۇسقا چىققاندا، قېرىلارنى، ئېغىرئاياغ ئاياللارنى

كۆرسەك تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئورۇن بوشىتىپ بېرەتتۇق، لېكىن ھازىر بۇنداق ئىشلارنى كەمدىن-كەم كۆرىدىغان بولۇپ قالدۇق. بىر قېتىم ناھىيىدىن يېزىغا قايتقان ئاپتوبۇسقا چىقىپ قالدىم. 70 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر بوۋاي ئۆرە تۇراتتى. ئەتراپتىكى ئورۇنلارغا نەزەر سالسام، تولىسى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەن، بىرەرسى ئورۇن بوشىتىپ بەرمەپتۇ. شۇ چاغدا مەن بىر ئوقۇغۇچىمغا بوۋايغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىشقا قىستىغان ئىدىم، ئەپسۇس، بۇ ئىشىم نەتجىسىز بولۇپ قالدى. بۇ تا ھازىرغىچە ماڭا ئويلىنىشقا ۋە خىيال سۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ كېلىۋاتقان ئىشتۇر.

يۇقىرىدىكى ئىشلار تۇرمۇشىمىزدا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان تولىمۇ ئاددىي، تولىمۇ كىچىك ئىشلار، ئەمما بۇ ئىشلار كىشىنى تولىمۇ چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ، بۇ ئىشلارنىڭ تەسىرى ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تەسىرلەرنى يارىتىشى مۇمكىن. ئاللاھ تائالا ئۆز سۆزىدە مۇنداق دېگەن: **"ئى مۆمىنلەر! ئەگەر (سورۇندا) بەزىلەر سىلەرگە: ‹ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار› دېسە، ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (رەھمىتىنى ۋە جەننىتىنى) كەڭ قىلىپ بېرىدۇ، ئەگەر سىلەرگە باشقىلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش ئۈچۈن: ‹ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار› دېيىلسە، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار، ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر"**{سۈرە «مۇجادەلە»(58-سۈرە)، 11-ئايەت}.


نۇرغۇنلىغان ياشلىرىمىزغا شۇ نەرسىنى مۇراجىئەت قىلىمەنكى، ئاللاھنىڭ بىزگە چۈشۈرگەن ھەربىر سۆزى بەرھەقتۇر، بىز ئىنسان بولۇپ زېمىنغا تۆرەلگەنكەنمىز، چوقۇم ئىنسانىي پەزىلىتىمىز بىلەن، ئەخلاقىي نۇقتىمىز بىلەن، ھايا ۋە ئىمانىنى ئۆزىمىزگە مۇجەسسەملەپ، ئاللاھ تائالا مۇبارەك «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتقان: **"(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن"**{سۈرە «قەلەم» (68-سۈرە)، 4-ئايەت}، دېگەن ئۇلۇغ سۆزنى مەشئەل قىلىپ ياشىشىمىز لازىم. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۈيۈك ئەخلاقىنى نىشان قىلىپ، ئەخلاق، ھايا-نومۇس ۋە ئىمان بىلەن دۇنيادىن ئۆتۈشىمىزگە مۇبارەك ئاللاھ نېسىپ قىلغاي، ئامىن!

(ئاپتور: كۇچۇك ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## بۇ يىلقى ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلار

سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىنىڭ ئېلان قىلىشىچە، بۇ يىل ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ سانى 1 مىليون 924 مىڭ 200 نەپەر ئىكەن. بۇلاردىن چەتئەللەردىن كەلگەنلىرى 1 مىليون 431 مىڭ كىشى، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئۆزىدىن ھەج تاۋاپ قىلىشقا ئىجازەت بېرىلگەنلەر 493 مىڭ 200 كىشى ئىكەن (بۇلار ئاساسەن سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئولتۇرۇشلۇق چەت ئەللىكلەر ئىكەن)، بۇ يىل ئومۇمىي ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلار سانى ئۆتكەن يىلقى 1 مىليون 834 مىڭ ئادەمدىن 90 مىڭدەك كىشى ئاشقان. **(ھاجى مەھمۇدى)**

# قاغىلىق جامەسى



دىلشات ئابلىز

قاغىلىق جامەسى سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە بەرپا قىلىنغان بولۇپ، شۇندىن بۇيان قەدىمىي تارىخنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى ئېگىز بىنالارغا ياندىشىپ، قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. جامە ئالدىدىكى كەڭرى بازار تارىخلاردىن بىرى قاغىلىقنىڭ سودا ۋە دىنى مەركىزى بولۇپ كەلگەن قەدىمىي رەستە. بۇ رەستىگە قاغىلىقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشلىرىدىكى ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەر مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ پائالىيەت مەنزىرىلىرى ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتى بىلەن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ گىرەلىشىپ كەتكەن ئاجايىپ گۈزەل مۇھىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

قاغىلىق جامەسىنىڭ بارلىققا كېلىشى قاغىلىقنىڭ سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە بازار بولۇپ شەكىللىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ جامە 466 يىللىق تارىخقا ئىگە، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى جامە ۋە بازارنىڭ ئورنى ساي ياقىسىدىكى كەنتتە بولۇپ، بۇ يەر يەكەن بىلەن خوتەن ئارىلىقىدىكى قونالغۇ بولغان.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرىشىتخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆز دۆلىتىنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي كۈچىنى مۇستەھكەملەش بىلەن بىرگە، مائارىپ، يېزا ئىگىلىكى، سۇ ئىنشائاتى، قاتناش ئىشلىرىنى راۋانلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇزۇن مۇساپىلىق ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى چاپتۇرۇپ تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش بىلەن بىرگە يېڭىدىن يېزا- كەنتلەرنى بەرپا قىلىش، يول - لەڭگەرلەرنى ياساپ قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش، بازارلارنى كۆپەيتىپ يۇرتلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرغان. سۇلتان ئابدۇرىشىتخان قاغىلىقتا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە سەمەرقەندتە ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان سايرامىلىق خوجا مۇھەممەت شىرىپ دېگەن مۇتەپەككۇر ئالىم ھىندىستان ئارقىلىق قاغىلىققا كەلگەن، بۇ كىشى ئۆز زامانىسىنىڭ مۇتەپەككۇرلىرىدىن بولۇپ سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ خىزمەتلىرىگە يېقىندىن مەسلىھەتتە بولغان. قاغىلىق خوتەن بىلەن يەكەن ئارىلىقىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغاچقا، ئۇ كىشى بۇ جايغا مەسچىت ۋە لەڭگەر سېلىشنى تەكلىپ بەرگەن . بۇنى خانلىق توغرا تاپقاندىن كېيىن، ھىجرىيە 943- يىلى (مىلادى 1536- يىلى) ھازىرقى جامەنىڭ دەسلەپكى ھۇلى سېلىنغان، مەسچىتنىڭ تاملىرى سېلىنىۋاتقان مەزگىلدە كۈن ئولتۇرۇشتىكى قىبلە تام ئارقىمۇ - ئارقا ئۈچ قېتىم ئۆرۈلۈپ كېتىپ قايتا سالسىمۇ توختىمىغان. كېيىن بۇ تام ئورنىنىڭ بىر يېرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنلىكى سېزىلىپ، سۇلتان ئابدۇرىشىتخان بىلەن خوجا مۇھەممەت شىرىپ بۇ يەرنى ئېچىشقا بۇيرۇغان، يەر كولىنىپ ئىككى- ئۈچ مېتىر ئېچىلىشىغا يەرنىڭ تېگىدىن بىر كۈپ ئالتۇن، بىر چۆيۈن بوت ۋە بىر كىشىنىڭ جەستى چىققان، سۇلتان ئابدۇرىشىتخان شۇ مەيداندىلا

بىر كۆپ ئالتۇننى مەسچىت قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىش ئۈچۈن يارلىق يېزىپ مۆھۈر بېسىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن مەسچىت قۇرۇلۇشى باشقىدىن پىلانلىنىپ، ئىچكىرى- تاشقىرى مەسچىت ۋە كەڭرى سەينالىق جامەگە ئۆزگەرتىلگەن. يەرنىڭ تېگىدىن چىققان كىشى هورمۇز شەهرىدىن كەلگەن موللا خوجا ئەهمىدى ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپ، جامەنىڭ جەنۇب يېقىغا مازارەت ياسىلىپ دەپنە قىلىنغان. چۈيۈن بۇتتا ئىككى چوڭ داش قازان قۇيدۇرۇلغان①، جامەنىڭ ئىچىگە توققۇز ئېغىز هۇجرا چىقىرىلىپ ياسالغان، بىر كۆپ ئالتۇننىڭ جامە قۇرۇلۇشىدىن ئاشقان قىسمىغا جامەنىڭ ئىككى كىلومېتىر شەرقىدىن ئاتمىش تۆت پاتمان (4650 مو) يەر ئېلىنىپ، جامەنىڭ ۋەخپىسى قىلىنغان.②

هىجرىيە 1290- يىلى (مىلادى 1883- يىلى) ئۆز زامانىسىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىدىن مۇتۇللا ئەلماخۇنۇمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قاغىلىق جامەسى بىر قېتىم رېمونت قىلىنىپ، جامەنىڭ شىمالىي تەرىپىگە كەڭرى سەينالىق مەدرىسخانا چىقىرىلغان. بۇ يەر تالىپلار ئىلىم تەهسىل قىلغاندىن سىرت، جۇمە كۈنلىرى ئاخۇنۇملار دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان قازىخانىمۇ بولغان.

1936- يىلىغا كەلگەندە، قاغىلىقتا هاكىم بولۇپ تۇرغان هاجى شەنجاڭ دېگەن خۇيزۇ كىشى بۇ جامەنى بىر قېتىم چوڭ رېمونت قىلدۇرۇپ، جامەنىڭ ئەسلىدىكى شەرققە قارايدىغان دەرۋازىسىنى شىمالغا قىلىپ ئۆزگەرتىپ، جامەگە دەهلىز ئارقىلىق كىرىدىغان قىلغان. دەرۋازىنىڭ ئىككى يېقىغا ئون سەككىز مېتىر ئېگىزلىكتە مۇنار چىقىرىپ ياسىتىپ، هوجرىلارنى دەرىزىلىك قىلىپ، ئالدىغا پېشايۋان ياپتۇرغان. ئارىدىن يىرىم ئەسىر ئۆتۈپ 1986- يىلىغا كەلگەندە، قاغىلىق جامەسىنىڭ قىياپىتىدە زور يېڭى ئۆزگىرىش بولدى. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىپى ۋە جامەنى شەهەر قۇرۇلۇش مۇهىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇپ ياساپ چىقىش ئۈچۈن، ناهىيىلىك سىياسىي مەسلىهەت كېڭىشى، ناهىيىلىك مىللەتلەر- دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇل بولۇشى بىلەن مەخسۇس رېمونت قىلىش هەيئىتى تەسىس قىلىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىئانە قىلىشى بىلەن 373 مىڭ 799 يۈەن ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملار توپلىنىپ، بەش يىل ئىشلەش ئارقىلىق جامە كېڭەيتىلىپ ئومۇمىي يۈزلۈك رېمونت قىلىنىپ ياسالدى.

جامە دەرۋازىسىنىڭ ئالدى كەڭرى مەيدان قىلىنىپ ئاسفالتلاشتۇرۇلۇپ، ئوتتۇرىغا گۈللۈك قىلىندى. مەيداننىڭ شەرق، غەرب تەرەپلىرىگە ئىككى قەۋەتلىك سودا دۇكانلىرى چىقىرىلدى. جامە دەرۋازىسى يىگىرمە تۆت مېتىر ئېگىزلىكتە مۇنار گۈمبەزلىك قىلىپ ياسالدى، جامە ئىچىدىكى هۇجرىلار 16 گە كۆپەيتىلىپ، هۇجرىلارنىڭ ئالدىدىن باشقا شەرقىي- شىمالىي تەرەپلەرگىمۇ بېتون لەمپە چىقىرىلىپ، ئەتراپىغا تۆمۈر رىشاتكىلار ئورنىتىلىپ سەينا قىلىندى. جامەنىڭ جەنۇب ۋە شىمالدىكى يان ئىشىكلىرىگە نەقىش گۈللۈك تۆمۈر دەرۋازا ئورنىتىلدى. ئىچكىرى-تاشقىرى مەسچىتلەرنىڭ تورۇس، ئىشىك، تۈۋرۈكلىرىنىڭ گۈل نەقىشلىرى قايتا سىرلىنىپ، توك ۋە تۇرۇبا ئورنىتىلىپ، مۇستەهەپخانا چىقىرىلىپ پۈتتۈرۈلدى.

جامەنىڭ يېڭىدىن قەد كۆتۈرگەن مۇنار ۋە دەرۋازا بىنالىرىغا پىششىق خىشلارنى بىر- بىرىگە ماهىرلىق بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ گۈل چىقىرىلغان، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئېگىزلىكى بەش مېتىر كېلىدىغان دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن رەڭلىك هەلدە ئۇيغۇر خەتتاتچىلىقىنىڭ يۇقىرى سەنئىتى بىلەن قۇرئان ئايەتلىرى، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئويۇلغان. دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن دەهلىز نامايان بولىدۇ. دەهلىزنىڭ ئۇدۇل تېمىغا مېهراب شەكلىدە چىرايلىق گۈل نەقىشلەنگەن تۆمۈر رۇجەك ئورنىتىلغان. جامە سەيناسىغا كىرمەي تۇرۇپمۇ رۇجەكتىن جامەنىڭ

پۈتۈن مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ، دەھلىز ئىچىدە ئىككى كىچىك ئىشىك ۋە ئىككى چوڭ ئەگمە ئىشىك بار. كىچىك ئىشىكتىن ئەگمە پەشتاقلار ئارقىلىق ئۈستىدىكى زال ئۆيگە ۋە ئۈستىدىكى گۈمبەز ئىچىگە چىققىلى بولىدۇ. گۈمبەزنىڭ كۈن يورۇش تەرىپىگە ئىككى قۇر دېرىزە ئورنىتىلغان، شۇڭا گۈمبەزنىڭ ئىچى يورۇق ھەم ئازادە، ئىككى ئەگمە ئارقىلىق جامە ئىچىگە كىرگىلى ھەم يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەن پەشتاق ئارقىلىق جامە سەيناسىنىڭ شەرق، شىمال، جەنۇب ياقىلىرىغا سوزۇلغان تۆمۈر رىشاتكىلىق سەيناغا چىققىلى بولىدۇ. جامەنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 4762 كۋادرات مېتىر (7.15 مو)، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1437 كۋادرات مېتىر، جامە ئىچىدە 16 ئېغىز ھۇجرا، سىرتىدا 23 دۇكان بار. مەسچىت بىلەن سەينانى ئۇزۇن كەتكەن ئۇچ باسقۇچلۇق گۈللۈك پەشتاق ۋە تۆمۈر رىشاتكا ئايرىپ تۇرىدۇ. سەينانىڭ تېگى سېمونتلاشتۇرۇلغان. مەسچىت ئىچىگە زىلچا گىلەملەر سېلىنغان، مەسچىتنىڭ تورۇسلىرى ۋە تۈۋرۈكلەرگە ھەرخىل نەقىشلەر ۋە قاپارتما گۈللەر چېقىرىلغان، سېمونت تۈۋرۈكلۈك بېتون لەمپە جامە ئىچىگە ئاجايىپ ھۆسن قوشۇپ تۇرىدۇ، پۈتۈن جامەدە ئىچكىرى، تاشقىرى مەسچىت ۋە سەينانى قوشسا بىرلا ۋاقىتتا 10 مىڭ ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ. جامەنىڭ قۇرۇلمىسى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇبىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرگەن.

قاغىلىق جامەسى پۈتۈن ناھىيىنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان كۆزنەك ئورۇن. مەسچىتتە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان 3 خاتىپ، 4 ئىمام، 2 مەزىن، 2 نەپەر ئىقتىساد باشقۇرغۇچى ۋە بىر نەپەر مەسچىت ئامانلىقىنى ساقلىغۇچى تۇرغۇزۇلىدى، بۇ خادىملار ھەر تەرەپتىن يېتىشكەن، ياشانغان، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلاردىن تەركىب تاپقان.


قاغىلىق جامەسى 1990- يىلىدىن باشلاپ ناھىيە بويىچە «بەشتە ياخشى مەسچىت» بولۇپ كەلدى ھەمدە ناھىيە بويىچە قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى.

1996- يىلىدىن باشلاپ ۋىلايەت دەرىجىلىك «بەشتە ياخشى» مەسچىت بولۇپ مۇكاپاتلاندى. 2000- يىلى بۇ مەسچىت مەملىكەت بويىچە «بەشتە ياخشى» 100 مەسچىتنىڭ بىرى بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

ئىزاھات: ① بۇ قازاننىڭ بىرىنى 1947- يىلى يەكەننىڭ ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭ توپ-زەمبىرەك قويدۇرۇش ئۈچۈن يۇرتلارغا چۆيۈن ئالۇڭى قويغاندا ساقچى ئىدارىسى ئۇنى چېقىپ، چۆيۈن ئالۇڭىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. يەنە بىرىنى مەلۇم بىر ئورۇن 2000- يىلى چېقىپ، چۆيۈن قاتارىدا سېتىۋەتكەن.

② بۇ يەرلەر ھازىرمۇ ۋەخپە دەپ ئاتىلىدۇ.

(ئاپتور: قاغىلىق بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



## قەشقەر ۋىلايىتى 3-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2- سانلىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى چاقىردى

قەشقەر ۋىلايىتى 3-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2-سانلىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى2003-يىلى 4-ئاينىڭ 14-كۈنى قەشقەر شەھرىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. يىغىنغا ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاجىك، خويزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان ھەيئەت ئەزالىرى، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى، ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر- دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى، 12ناھىيە(شەھەر)نىڭ ئىسلام جەمئىيىتى باش كاتىپلىرى ۋە قەشقەر شەھىرىدىكى دىنىي زاتلار ۋەكىللىرى بولۇپ 80نەپەر كىشى قاتناشتى. يىغىندا «قەشقەر ۋىلايىتىدىكى دىنىي زاتلارنىڭ پارتىيە 16- قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا توغرىسىدا قارار» ماقۇللاندى.

يىغىن داۋامىدا ، ئاپتونوم رايونلۇق،ۋىلايەتلىك دىن خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە مۇزاكىرە قىلىندى. مۇزاكىرە جەريانىدا ئىسلام جەمئىيىتى خىزمەتلىرىدىن تەجرىبە ئالماشتۇرۇلدى. يىغىندا يەنە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 2002-يىللىق ئىسلام دىنىي ئۈچۈر خىزمىتىدىكى 3ئىلغار ئورۇن، 3ئىلغار شەخس؛«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلىغا مۇشتىرى توپلاش، تارقىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار بولۇپ باھالانغان يەكەن،كونىشەھەر، پوسكام ،قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق 4ئورۇن؛ ئىمىنجان سابىت (يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)، ئەسقەر(پوسكام ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)، ئاخۇنجان(كونىشەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)، شامۇلداخان غوجام(قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)قاتارلىق 4نەپەر ئىلغار شەخس مۇكاپاتلاندى. (ياقۇپ ھاجىم مۇھەممەت)

## يەكەن ناھىيىسىدە ئىسلام دىنى 4- قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى

يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 4-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 2003- يىل 3-ئاينىڭ 25-كۈنى چاقىرىلدى. يىغىنغا ناھىيە تەۋەسىدىكى 29 يېزا (بازار)دىن كەلگەن 150نەپەر ۋەكىل،ھەمدە ۋىلايەت ،ناھىيە ، قېرىنداش ناھىيىلەردىن تەكلىپ بىلەن كەلگەن مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بولۇپ جەمئىي 220نەپەر كىشى قاتناشتى . يىغىندا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىمىن ساۋۇت ئىسلام جەمئىيىتى3-نۆۋەتلىك ھەيئەتكە ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەردى .

يىغىن سايلام ئارقىلىق بۇ نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 70نەپەر ھەيئەت ئەزاسىنى، 21نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسىنى سايلاپ چىقتى،يىغىندا يەنە ئابدۇرېشىت ئابدۇللا مەخسۇم ھاجىم رەئىسلىككە ،ئىمىن ساۋۇت،تالىپ سىدىق داموللا ھاجىم، ئابلەت قادىر قارىھاجىم ۋە ماخمۇت ئەمەت قارى ھاجىم قاتارلىقلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە،ئىمىن ساۋۇت جەمئىيەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا سايلاندى. (ياقۇپ ھاجىم مۇھەممەت)

## قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى قېتىملىق قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى مەملىكەتلىك 5-نۆۋەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان قارىيلارنى تاللاش ئۈچۈن 2003- يىل 1-ئاينىڭ 16-كۈنى ۋىلايەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى .مۇسابىقىگە قەشقەر شەھىرى، يەكەن،قاغىلىق ناھىيىسى ۋە قەشقەر ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ تالىپلىرى بولۇپ 10 نەپەر قارى قاتناشتى . مۇسابىقە باھالاش ھەيئەتلىرىنىڭ ئەستايىدىل باھالىشى ئارقىلىق نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان 4نەپەر قارىنى تاللاپ چىقىپ ، مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان نامزات قىلىپ بېكىتىپ ، ماتېرىيالىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىگە يوللاپ بەردى . (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

## پوسكام ناھىيىسىدە7- قارارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

پوسكام ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2003- يىل 4-ئاينىڭ 5-كۈنى 7-قارارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى .مۇراسىمغا 60نەپەر تالىپ ۋە يېزا(بازار)لىق بىرلىكسەپ ،دىنىي ئىشلار كادىرلىرى بولۇپ 80نەپەر كىشى قاتناشتى. مۇراسىمدا، 5ئايلىق كۇرسنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئەھۋالى خۇلاسە قىلىندى ۋە11نەپەر مۇنەۋۋەر تالىپ ۋە سىنىپ كادىرى مۇكاپاتلاندى. (ياقۇپ ھاجىم مۇھەممەت)

## مەكىت ناھىيىسىدە دىنىي ئىزباسارلارنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

مەكىت ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2003-يىل3-ئاينىڭ 10-كۈنى دىنىي ئىزباسارلارنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى .مۇراسىمغا دىنىي زاتلار ،كۇرسقا قاتنىشىۋاتقان تالىپلار ۋە يېزا،بازارلارنىڭ بىرلىكسەپ، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كادىرلىرى بولۇپ 70 كىشى قاتناشتى . بۇ قېتىمقى كۇرسنىڭ ۋاقتى جەمئىي 3ئاي بولۇپ ،كۇرسقا 24نەپەر دىنىي بىلىمى تۆۋەن دىنىي زات،2نەپەر دىنىي ئىز باسار قاتناشقان ئىدى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

62

## تۆھپىكار دىنى زاتلار

▲ يىللاردىن بىرى يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى دىنى زاتلار مائارىپنى ئۈزلۈكسىز قوللاپ كەلدى ،ئۇلارنىڭ ئىچىدىن 5نەپەر دىنى زات 18 مىڭ يۈەن ؛ 405 نەپەر دىنىي زات 7970نەپەر ئوقۇغۇچىغا 45400يۈەن قىممىتىدىكى كىيىم-كېچەك،بەدەل پۇلى،كىتاب-ماتېرىيال پۇلى ياردەم قىلدى ؛ 11نەپەر دىنىي زات 350 نامرات ئائىلىگە 170تونىنا كۆمۈر ئىئانە قىلدى . 5نەپەر دىنىي زات يول قۇرۇلۇشى ،جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىغا 62000يۈەن ؛ 305 نەپەر دىنىي زات تۇرلۇك قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە 13500يۈەن ؛ 155نەپەر دىنىي زات 302 نامرات ئائىلىگە 32500جىڭ ئاشلىق ياردەم قىلدى. (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

▲قاغىلىق ناھىيىسىدىكى 90نەپەر ھەر مىللەت سىياسى كېڭەش ئەزاسى ۋە دىنىي زات 1999- يىلىدىن بۇ يىل 4-ئاينىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ناھىيىدىكى نامراتلارغا يار يۆلەكتە بولۇش ئىشلىرى ئۈچۈن 250مىڭ 800يۈەن نەخ پۇل،27مىڭ 100كىلوگرام ئاشلىق،60تونىنا كۆمۈر،1500قۇر كىيىم-كېچەك 13مىڭ 500يۈەن قىممىتىدە چارۋا مال ۋە ئۆي قۇشلىرى ،2500پارچىدىن ئارتۇق پەن-تېخنىكا ئوقۇشلۇقى ياردەم قىلدى. مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش،ئوقۇشسىز قالغان پەرزەنتلەرگە ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن 15 مىڭ يۈەن نەخ پۇل ئىئانە قىلدى. (سىدىق تۇردى)

▲ئاۋات ناھىيىسىدە 2002- يىلى ناھىيە بويىچە 21 نورۇزدىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنى ۋە 95 نەپەر دىنىي زات مائارىپقا، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار نامرات كىشىلەرگە 29 مىڭ 887يۈەن نەخ پۇل،3858كىلوگرام ئاشلىق ،44قۇر كىيىم-كېچەك ،4تونىنا كۆمۈر قاتارلىق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇمنى خالىسانە ياردەم قىلدى. (ئەلقەم ھۇسەن)

## كەڭ خەلق ئاممىسى سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئاپەت رايون خەلقىگە پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىش پائالىيىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى

*تەھرىر ئىلاۋىسى: 2003-يىل 2-ئاينىڭ 24-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مارالبېشى ،پەيزاۋات ناھىيىلىرىدە 6.8بال كۈچلۈك يەر تەۋرەش يۈز بېرىپ ،كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال مۈلۈكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى . بۇ ئاپەتتىن خەۋەردار بولغان ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار،شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كەڭ مۇسۇلمانلار سەپەرۋەرلىككە كېلىپ ،ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق ئاممىسىغا پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلىپ،بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا ،ھەممە تەرەپ ياردەم قىلىشتەك ئۆزلىرىنىڭ ئالىيجاناب ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ،ئاپەت رايون خەلقىگە سېخىي قولىنى سۇنۇپ،ئۇلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ،يۇرت ماكانىنى قايتا قۇرۇشىغا ياردەم قىلدى . تۆۋەندە بىز ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ بىر قىسىم ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز .*

♥ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى ئورگان نامىدا 5000 يۈەن،ئىشچى-خىزمەتچىلەر 600يۈەن يىغىش قىلىپ، جەمئىي 5600 يۈەننى ئاپەت رايوندىكى خەلققە ئەۋەتىپ بەردى .

♥ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى خەلققە پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىش پائالىيىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى. نەتىجىدە ناھىيە (شەھەر)لىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئەستايىدىل تەشكىللىشى بىلەن ھازىرغا قەدەر ۋىلايەت بويىچە دىنى زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئامما 115105يۈەن نەخ پۇل،14150 يۈەن قىممىتىدە ماددىي بۇيۇمنى ئاپەت رايون خەلقىگە ئىئانە قىلدى .بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت ،ناھىيە(شەھەر)لىك ئىسلام جەمئىيىتى ئىئانە قىلغان نەخ پۇل 7000 يۈەن ، 1150يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي بۇيۇم؛ مەسچىتلەر ئىئانە قىلغان نەخ پۇل 1795يۈەن ؛ دىنى زاتلار ئىئانە قىلغان نەخ پۇل 66950 يۈەن ، 11300يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي بۇيۇم ؛ ئېتىقادچى ئامما ئىئانە قىلغان نەخ پۇل 1561 يۈەن ،1700 يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي بۇيۇم؛ ۋىلايەتلىك ئىسلام مەكتىپىدىكى مۇدەررىس،تالىپلار ئىئانە قىلغان 2540 يۈەن نەخ پۇل بار.

♥2003-يىل 3-ئاينىڭ 8-كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى يەنە جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇھەممەت ئېلى باشچىلىقىدا ،9ناھىيە(شەھەر)نىڭ ئىسلام جەمئىيەت باشلىقى، باش كاتىپ ۋە دىنى زاتلار ۋەكىللىرىنى باشلاپ 17000يۈەن نەخ پۇل،19500يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي بۇيۇمنى مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزىسىغا ئېلىپ بېرىپ ئاپەت رايون خەلقىدىن ھال سورىدى . (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

♥مەكىت ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى مەكىت ناھىيىسىدىكى دىنى زاتلارنى سەپەرۋەر قىلىپ ،10مىڭ يۈەن نەخ پۇل،1500كىلوگرام ئاشلىق،500قۇردىن ئارتۇق كىيىم-كېچەك،يوتقان-كۆرپە ، مەش قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى تەييارلاپ ،2003-يىل3-ئاينىڭ8-كۈنى ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە

مارالۋېشى ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسىغا يەتكۈزۈپ بەردى. مەكتەپ بازىرىدىكى ئابلا قارىھاجى ئوسمان، ئابدۇقادىر ھاجى ياقۇپ، ئەسقەر ھاجى قاسىم قاتارلىق 10 نەپەر دىنىي زات ۋە ئېتىقادچى ئامما ئاپەت رايوندىكى خەلققە 5390 يۈەن نەخ پۇل، 2500 جىڭ ئۇن ئىئانە قىلدى. تۇمەنتال يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى 2003-يىل 3-ئاينىڭ 4-كۈنىگىچە 20 مىڭ يۈەنگە يېقىن قىممەتتىكى ئۇن، ماي، نەخ پۇل، كىيىم-كېچەك، كىگىز قاتارلىق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى تەييارلاپ ئاپەت رايونىغا يەتكۈزۈپ بەردى. مەكتەپ ناھىيىسى بازار ئىچىدىكى ئون نەپەر دىنىي زات 2003-يىل 2-ئاينىڭ 25-كۈنى ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، 50 خالتا ئۇن سېتىۋېلىپ، مارالۋېشى ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان دېھقانلاردىن ھال سورىدى.

(ياقۇپ ھاجىم مۇھەممەت، توختى ئاۋۇت، روزنىجان سايىت)

♥قاغىلىق ناھىيىسىدىكى 90 نەپەر ھەر مىللەت سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ۋە دىنىي زاتلار ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونغا 7000 يۈەن ئىئانە قىلدى.

(سدىق تۇردى)

♥پوسكام ناھىيە توغچى يېزىسىدىكى ئىسلامجان ھاجىم، مۇھەممەت ئېزىز قارىم قاتارلىق 19 نەپەر دىنىي زات 1200 يۈەن ئىئانە توپلاپ، 2003-يىل 2-ئاينىڭ 28-كۈنى ئاپەت رايوندىكى خەلققە يەتكۈزۈپ بەردى.

(تۆمۈر دوستالى)

♥يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئامما ئاپەت يۈز بەرگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھامان دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، قىسقىغىنە بىر نەچچە كۈن ئىچىدە 7100 يۈەن نەخ پۇل، 50 يوتقان كۆرپە، 20 كىگىز، 2000 جىڭ ئاشلىق قاتارلىق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى يىغىپ، ئاپەت رايونىغا يەتكۈزۈپ بەردى. يەكشەنبە بازار يېزا 5-كەنتتىكى دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئامما 75 خالتا ئۇن، 150 يۈەن نەخ پۇل يىغىش قىلىپ، ئاپەت رايوندىكى ئاممىنىڭ قولىغا يەتكۈزدى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى، پاتىگۈل تۇرسۇن)

♥كونا شەھەر ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئامما سەپەرۋەرلىككە كېلىپ ئاپەت رايون خەلقىگە جەمئىي 20665 يۈەن نەخ پۇل ئىئانە قىلدى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

♥ تۇرپان ۋىلايىتىدىكى مەسچىتلەر، دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئامما جىددىي سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە ئىئانە توپلاش دولقۇنى قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن قىسقىغىنە 10 كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، تۇرپان شەھىرىدىكى مەسچىتلەر، دىنىي زاتلار، ئېتىقادچى ئامما 57 مىڭ 587 يۈەن 9 مو نەخ پۇل، 200 يۈەن قىممىتىدە ماددىي بۇيۇم؛ پىچان ناھىيىسىدىكى مەسچىتلەر، دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئامما 33 مىڭ 125 يۈەن 8 مو نەخ پۇل، 14 مىڭ 400 يۈەن قىممىتىدە ماددىي بۇيۇم؛ توقسۇن ناھىيىسىدىكى مەسچىتلەر، دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسى 15 مىڭ 313 يۈەن 3 مو نەخ پۇل، 10 مىڭ 100 يۈەن قىممىتىدە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى.

(شاھمەردان ئىمىننىياز، ئوسمان ھەبىبۇل)

♥ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە ھاراپ يېزىسىدىكى 70 نەپەر دىنىي زات ئاپەت رايون خەلقىگە 1500 يۈەن نەخ پۇل ئىئانە قىلدى. (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

♥ ئاقسۇ شەھىرىدىكى دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئامما 4860 يۈەن نەخ پۇل، 5 تونىنا ئۇن يىغىش قىلىپ ئاپەت رايونىغا يەتكۈزۈپ بەردى. (ئابدۇخالىق ئالىم)

♥ئاۋات ناھىيىسىدىكى دىنىي خىزمەت خادىملىرى، دىنىي زاتلاردىن ۋە مەسچىت، خانىقالار جەمئىي 5130 يۈەن نەخ پۇلنى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونغا ئىئانە قىلدى.

(ئەلقەم ھۇسەن)

♥خوشسۇت ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار 5676 يۈەن نەخ پۇل ئىئانە يىغىپ، ئاپەت رايونىغا يەتكۈزۈپ بەردى.

(ھامۇتجان)

♥قاراماي شەھىرى قاراماي رايونىدىكى دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئامما ئاپەت رايوندىكى خەلق ئاممىسىغا 12 مىڭ 405 يۈەن نەخ پۇل ئىئانە قىلدى. (ئابلىكىم ئابلا)

♥ بىگتۇەن يېزا ئىگىلىك 13-دېۋىزىيە قومۇل دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى دىنىي زاتلار 3150 يۈەن ئىئانە توپلاپ، ئاپەت رايونىدىكى خەلقلەرگە يەتكۈزۈپ بەردى. 3-دېۋىزىيە 50-تۇەن شاقوردىن مەخمۇت قارى باشچىلىقىدىكى دىنىي زاتلار 6500 يۈەن قىممىتىدىكى 30 كىشىلىك يوتقان-كۆرپە، 50 قۇر كىيىم-كېچەك، 30 خالتا ئۇن 500 يۈەن نەخ پۇل ئىئانە قىلىپ ئاپەت رايونىغا يەتكۈزۈپ بەردى. 3-دېۋىزىيە 51-تۇەن بازار مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئابلا قارى ھاجىم، ئىمامى نۇر ئەخمەت داموللا ھاجىم تۇەن-مەيدان تەۋەسىدىكى 62 مەسچىتنىڭ ئىماملىرىنى تەشكىللەپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە 14 مىڭ 780 يۈەن نەخ پۇل، 64 يوتقان-كۆرپە، 500 يۈەنلىك ئاياغ، 500 يۈەنلىك كىيىم-كېچەك، 10 خالتا ئۇن، 3 قوينىڭ گۆشى، 50 كىلوگرام ماي، 20 دانە كىگىز ئىئانە توپلاپ، ئاپەت يۈز بەرگەن نەخ مەيدانغا بېرىپ، ئىئانىنى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ قولىغا يەتكۈزدى.

(رەيھانگۈل تۇراق، ئەسەت قاسىم، مۆمىنجان قادىر)

# 5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسىدىن كۆرۈنۈشلەر





5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى 2003-يىل 4-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.







ئەرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە: ①1-لىككە ئېرىشكەن ئەلى نىياز قارى (شىنجاڭدىن)؛ ②2-لىككە ئېرىشكەن ئابدۇرېشىت روزى قارى(شىنجاڭدىن)، يى جىن قارى(چىڭخەيدىن)؛ ③ 3-لىككە ئېرىشكەن خېلىل ئوسمان قارى(جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىن)، ئابدۇقادىر ئاۋۇت قارى(شىنجاڭدىن)، يى چېڭخۇي قارى(گەنسۇدىن) .

ئاياللار گۇرۇپپىسى بويىچە: ④1-لىككە ئېرىشكەن شازادىگۇل مەگلىك قارىيە (شىنجاڭدىن)؛ ⑤ 2-لىككە ئېرىشكەن بۇۋى زۆھرە قارىيە (شىنجاڭدىن)؛ ⑥ 3-لىككە ئېرىشكەن لى ياچىن قارىيە(گەنسۇدىن) .









مۇسابىقىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمىغا ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ئىشتىراك قىلدى.



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى شىنجاڭلىق قارى ۋە قارىيەلەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



ISSN 1007-5836

06>

9 771007 583001

《中国穆斯林》(维吾尔文版)

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»

国际标准刊号：ISSN1007－5836 :خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى

国内统一刊号：CN11－1346/B :مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى

国内邮发代号：（新） 58－167 :پوچتا ۋاكالەت نومۇرى

国外发行代号：Q1720 :چەتئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى

公开发行 定价：4元

ئاشكارا تارقىتىلدۇ باھاسى: 4 يۈەن